# تەقدىرنىڭ چاقچىقى (پوۋېست)

ئېلكتاب ياسىغۇچى : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>>دىن ئۇيغۇر ئوغلى
ئېلكتاب تارقاتقۇچى : ئۇيغۇر ئېلكتاب تورى
www.uyebook.com ياكى www.uyebook.cn

## قاغىلار غاقىلدايدۇ

ئەسسالام جامائەت ،ياخشى تۇرۇشتۇقمۇ ، هە ياخشى ،خۇدايىم ھەر قايسىمىزنى ئامان قىلسۇن ،ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرى 2000-يىل يېڭى ئەسىر بولىدىكەن دەپ يۈرسە توۋا ،يېڭى ئەسىرگە كىرسەك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى بېشىمىزدەك بولىدىغاندەك ،چوشقىلار توخۇ بىلەن توي قىلىدىغاندەك ھېس قىلىشىپ نۇرغۇن قىياسلارنى قىلىپ كېتىشكەندۇق ،كومپيۇتۇر ،تىل ،ماشىنا ھەيدەشنى بىلمىسە يېڭى ئىراغا كىرگۈزمەيدىكەن دېسە ئەندىكىشىپ ھەي شۇ چاغدا بىزنى توساقتىن ئۆتكەزمىسە ھەننىۋا كىشى يېڭى ئەسىرگە چىرىپ بىز چىرەلمىسەك نىمە دىگەن سەت ،قورقۇنۇچ ئىش بۇ دەپ ئويلاپ ،زامان ئاخىرىدىن بۇرۇن توي قىلىشنىمۇ كۆڭۈلگە پاكىزە ئارمان قىلىپ ئۆلگۈرگەن ئىدۇق . يېڭى ئەسىر ئۇچۇر دەۋرى دېسە ئۇچۇر سىگناللار بىزنى ئۇرۇپ سوقاپ يۈرەمدىغاندۇ شۇ چاغ كەلگەندە دەيتىم ،دۆڭگۈرۈكتەك......

ھەي ،قانداق قىلىشىمىز ،بىلمىگەن كىشى ئەنە شۇنداق نۇرغۇن خىيال سۈرۈپ ئۆزىنى خوش قىلىشىدىكەن ،ئۆزۈڭ يول ياسالمىغاندىن كېيىن خەقنىڭ يولىغا پۇل تۆلەپ

ماڭىدىغان ئىش ئىكەن ،مۇشۇ كومپيۇتۇر دىگەن بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ مانا نۇرغۇن نۇرغۇن دوسلارنى تاپقان بولدۇق ،ئۆرۈمچىلەرگە ،مايتاغلارغا بىربىر توراداشلار بىلەن كۆرۈشتۇق .ئىشقىلىپ ھەر ھالدا ۋاقىت ئىسراپ قىلغانغا تۇشلۇق بىر نەتىجىلەر بولسىمۇ بوپتۇ ،يەنى دوس تېپىپتۇق.

مانا ھازىر ھەر كۈنى ئىككى ئۈچ سائەتنىڭ مۇشۇ جانۋا بىلەن ئۆتكىنى ئۆتكەن ...بىكارچى نىمە يازغاندۇ ،مەيخانا قانداق ئىنكاس قىلغاندۇ...

دە پ تورنى ئاچىدىغان بوپ كەتتۇق..

يېقىندىن بۇيان ھاۋا ئۇدا تۇتتۇق ، مۇشۇ ھاۋا تۇتۇلسا ئادەم يامان بىئارام بولىدىغان گەپ ئىكەن دەڭلار توراداشلار ،سىلەر قانداق بىلمىدىم ،مەن بەك بىئارام بوپ كېتىمەن...

مۇشۇ يېقىندىن بۇيان نىمە ئالدىراش ئىشلارىكىن تاڭ يامان بەك ئالدىراش ،ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا ماندا ق تۇتتۇق ،تېخىمۇ گەپ خالىماس بوپ قالدىم دە.

بۈگۈن ئەتتىگەندىلا دۇكان ئالدىدا ئۇيغۇرلارنىڭ جېدەل ئاۋازى ئاڭلاندى .نىمە بولغاندۇ ؟ئەسلى ئۇيغۇر دىگەن توي تارقىسا جېدەل قىلاتتى ،توي باشلانماي نىمە جېدەل دىسەم، تويى بولغان بالىنىڭ ئىككى دوستى بىر پۇلنىڭ گېپىنى قىلىشىپ ياقا سىقىشتى ، بىچارە توي بولغۇچى خوتۇننى ئەمدى جۇۋاڭشۇ قىلىپ چۇشلۇك تاماق يېگىلى مېڭىپتىكەن ساتىراشخانىدىن ،

بىر بىرسىگە زادى گەپ بەمەيدۇ دە ، ياقا سىقىشىپ ،يا ئۇرۇشمايدۇ ،ئاناڭنى دىدىم ئىچىمدە ،سەندەك زەھرىنىڭ تايىنى يوق ،شەكرىنىنىڭ تايىنى يوق لامزەلللەرنىڭ دەستىدىن يۈزلەر تۆكۈلدى...

چوڭ كوچىدا ئادەم يىغىپ نىمە قىلىدۇ دەيمەن ھوي جامائەت ، قانداق ئۆچمەنلىك شۇ ، ئەخمەتجان قاسىمى داھىمىز دادا قاتىللىنى قانداق كەچۈرگەن بولغىيتى ھە..

ئاخىرى ساقچى كەپ كوپىزا سالدى....

بىر چىرايلىق توي بېشىدىلا پوق بولدى دە..

ماشىنىنىڭ ئىچىگە قارىسام ئاق كۆڭلەك كىيىپ قىز بىلەن قولدىشى ئولتۇرىدۇ ،بىر تۇرۇپ ئىچىم ئاغرىدى ،بىر تۇرۇپ تىلىلدىم ،

خوپ بوپتۇ مۇناپىق ،قوڭاڭنى ئېچىپ جالاپتەك كىينىۋالغاندىن كىيىن تويۇڭ توي بولمىسۇن دەپ دۇكىنىمغا كىرىپ كەتتىم....

دوستۇمدىن تېلفون كەلگەن ، خوش ياقماي ئالسام نېمە بولدى دەيدۇ ،باياملقى ئىشلارنى چۈشەندۇردۇم ،

ساراڭمۇ سەن ،نىمە قىلىسەن شۇ ئىشلارغا ئۆزۈڭنى ئۇپرىتىپ ،ساراڭ ..... دەپ مېنى بىر مۇنچە تىلىلدى..

مەنمۇ تىلىلدىم ،قانداق قىلىمەن ، بۇمۇ خۇدا سالغان ئىشقتۇ بەلكىم ،كارىمىز بولماي ،خەقتەك ئىچىپ ئىشتانغا سىيىپ ،چىچىپ ،قىز باللىنى توغۇرلاپ ،جاھاندىن غەم يوق ۋىجدانىمىزنى ئوغۇرلاپ سېتىپ ...ياشايدىغان جاھان سارىڭى بوپ قالغان بولساقمۇ بوپتىكەن....

قانداق قىلىمەن ئەمدى.........

تېلفوننى قويۇپ بولۇپ دىگەنلىرىمگە پۇشايمان قىلىپ ،دوستۇمغا سەل جىيلە بوپ قالدىم...

توۋا خۇدايىم مەن نىمە بولدۇم .نىمشقا بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىمەن ،ئەرزىمدۇ. ،،،،،،،،،

خەيرىيەت ، مۇنداق بىر ھېكمەت بار ئىدى :

قەدىردانىڭ بولمىسا قەدرىڭنى بىلمەس ھېچ كىشى ،

قەدرى بىلمەس كىشىنىڭ سەن بىلەن نىمە ئىشى.

دەپ.

راس ،سەپرا بوپ قالدىكەنسەن ،سەن شۇنچە قاينىغان ئىشقا باشقىلار قايىنمىسا ،سەن ئالدىرىغانىغا باشقىلار بىپەرۋا بولۇۋالسا ،سەن ئۆزۈڭنى ئۇرغان ئىش باشقىلارنىڭ نەزىرىدە بىر تىيىن بولۇپ قالسا ..ھەتتا يىغلاپ كېتىدىكەنسەن..

نەچارە ھەي ۋاپادارىم دەپ قويىمەن ئۆز ئۆزۈمگە ،سۇنى سىڭگەن يېرىگە سەپ دىگەن گەپنى بىلمەمتىڭ ،

كۆنۈ تۇن ئاشنا دەپ يۈرۈيدىغان ئادەمگە مۇھەببەت ۋاپا دەپ سۆزلەپ يۈرسەڭ ئەرزىمدۇ ، ھەر قانچەق ئاق كۆڭۈل بولساڭمۇ چوشقىغا ئىمان ئېيتقۇزىمەن دەپ ئاۋارە بولما دىگەن ئىدىغۇ ساڭا بىرسى دەپ..

ماۋۇ ھاۋا رايى نېمە بوپ كېتىپ بارىدۇ ،-2000يىلى 17-نويابىر كۈنى ئۈرۈمچىدە دەھشەت تۈنجى قار ياغقان ئىدى ، شۇ كۈنى ئۆزۈم يالغۇز ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرگەن ئىدىم.

ما 7يىلدىن كېينكى بۆگۈنكى كۈنلەردە قاردىن ھىچ خەۋەر يوق ،يىپلىك ئىشتان بىلەن يۈرۈپتۇق.........

بۇرۇختۇرما بوپ قالدىم ، ئىزدىنىشقا تاقا تۇقا پاراڭ يازمىغلى خېلى بوپتىكەن . ئەۋەتمەي دېدىميۇ بوپتۇلا .بىرسىگە ياقمىسا بىرسىگە ياقار دەپ ئېۋەتتىم...

ئۇنى دەيمەن بۇنى دەيمەن ئىزدىنىش ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەر بېرىپتۇ ....شۇڭا مەنمۇ ئويلىغىنىمنى مۇشۇ داستىخىنى كەڭ يەرگە تۆكەيلا...


[size=7]ئادەمنىڭ ياۋىشىدىن قورق.

ئىتنىڭ قاۋىشىدىن قورق [/size]دەپتىكەن كونىلار....

ياۋاش بوپ نىمە قىلىمىز يېزىپ بولغان گەپنى ئەۋەتمەي ، ياقسا خو دەمىز ،ياقمىسا نو

دەمىز توردىشلار....

خەيىر ئەمىسە........   تەقدىرنىڭ چاقچىقى (پوۋىست )



# تەقدىرنىڭ چاقچىقى (پوۋەست)

-ۋاي....جان.......

-دىققەت قىلىڭ؟-كۈچلۈك بىر قول شەھدەنىڭ تالچىۋىقتەك بىلىگە چۈشتى.ئاپتۇبۇسنىڭ قاتتىق تورمۇز قىلىشى بىلەن كەينىگە سەنتۈرلۈپ،يىقىلىپ كەتكىلى قىل قالغان قىز دەل ۋاقتىدا كەلگەن بۇ ياردەمدىن ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

رەھمەت ھە كامىل ،سىز.

ئەمدىلا ئېسىنى يىغىپ ئۆزىگە كۈمۈلسىرەپ تۇرغان چىرايغا تىكىلگەن شەھدە بۇ ئىسمىنىڭ ئېغىزىدىن قانداقلارچە چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمايلا قالدى.

ئۇ مۇشۇ تۇرىقىدا ئۆزىنىڭ نەدە تۇرىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى . خۇددى سىزىپ قويغاندەك قاپقارا قاش ،تولىمۇ سىرلىق بىر جۈپ كۆز ،ئاقپىشماق چىرايىغا خويمۇ ياراشقان بۇرۇت ،قىران يىگىتلىكنى نامايەن قىلىپ تۇرغان قەددى -قامىتى ،بۇ دەل كامىل ئەمەسمۇ ؟

ئۇ بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىدىغاندۇ ؟ شەھدەنىڭ چېھرىدە خوشاللىق ھەم تەمترەش ئارلاشقان بىر خىل تەبەسسۇم جىلۋىلەندى . لىكىن بۇ كۆزلەر....

كەچۈرۈڭ ،مەن ناتونۇش يىگىتكە ئۇزاق قارىۋەتكەنلىكىدىن خىجىل بولۇپ يۈزلىرى ئوت ئالغان قىز دەرھال كۆزلىرىنى ئەپ قاچتى.

-مېنى ،سىزنى بىر ساۋاقدىشىمغا ئوخشىتىپ قاپتىمەن ،ئۇ قىزلىق نازاكەت بىلەن يەرگە باقتى.

-ھە ھېچقىسى يوق ،ئەمەلىيەتتە يىگىتمۇ كىشىنى بۇنچىلىك جەلىپ قىلىدىغان قىزدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيۋاتاتتى .لىكىن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئانىسىنىڭ ئالدىدا جاۋاپكارلىقتا قالغان كىچىك بالىدەك نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان شەھدە يىگىتنىكى بۇ ئۆزگۈرۈشلەرنى بىلمىدى.

ئۇ يىگىتكە قاراپ سۆسقىنا كۈلۈمسىرىدى دە چۈشۈش ئىشكىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى.

گەرچە بۇ ئىشلار نەچچە سىكۇنت ئىچىدە يۈز بەرگەن ،ئۇلار نەچچە دەقىقىلا تىكىلىپ قالغان بولسىمۇ ،بۇ ۋاقىت شەھەردە گە شۇنچە ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى .خۇددى ئاپتوبۇستىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى كۆزىتىۋاتقاندەك ،يىگىتمۇ بىر تىكىلىپ قاراپلا ئۇنىڭ ھەممە سىرلىرىنى بىلىۋالغاندەك تۇيۇلۇپ خۇدۇكسىرەپ كېتىۋاتقان شەھەردە ئاپتوبۇستىن دەرھال چۈشۈپ قېلىشنىلا ئويلىدى.

گەرچە يىگىت چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ئارقىغا قارىماي ئولتۇرىۋاتقان بولسىمۇ پۈتۈن ئەس خىيالى شەھەردەدە ئىدى.

ئاپتوبۇس بىكەتكە كىردى ،ئىشتىننىڭ پۇچقىقىنى قېقىشتۇرغان بولۇپ كەينىگە قارىغان كامىل شەھەردەنىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى دە ئالدىراپ سالدىراپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى ،كامىلنىڭ قىزنى توسىۋالغۇسى ، ھېچ بولمىغاندا ئىسمىنى بولسىمۇ سورىۋالغۇسى كەلدىيۇ ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ توختاپ قالدى ،چۈنكى ئۇ قىزنىڭ ئۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن قورققان ئىدى ،دېمىسىمۇ شۇ غۇ ،تۇيۇقسىزلا ئۇچرىشىپ قالغان بىر قىزنى توسۇپ ئىسمىنى سوراپ يۈرسە قارشى تەرەپ قانداق ئويلاپ قالىدۇ ؟قىزنى توختىتىۋېلىپ نىمە دەيدۇ ؟ ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

ھاۋا شۇنچىلىك ئۈچۈق ئىدىكى كۆ ك ئاسمان تېخى بايىلا يۇيۇلغان ئەينەك پارچىسىدەك سۈزۈك ھەم پاكىزە بولۇپ بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتى ،گويىاكى ئوتتا تاۋلانغان چوڭ لىگەندەك قىپقىزىل چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرىنى ئەتراپقا چاچماقتا ئىدى.

ئاپىرىلنىڭ ئىللىق شاملى تەبىئەتكە جان ئاتا قىلىپ دەل-دەرەخ ،گۈل گىياھلارغا يۇمران ،نازۇك بىخ ۋە ياپراقلارنى سوۋغا قىلغان ئىدى.

ھەممە جاي باھار شاتلىقىغا چۆمگەن بولسىمۇ پىيادىلەر يولىدە ئۆزىنى ئەركىن تاشلاپ كېتىۋاتقان شەھەدە بۇ شاتلىقتىن مۇستەسنا ئىدى ،ئۇ يالغۇز تېپتىنىچ كوچىدا كېتىۋاتقاندەك پەرۋاسىز بولغىنى بىلەن تېخىچە شۇنچە تېز سوقىۋاتقان يۈرىكىنى تۇتىۋالمىسا ھازىرلا قېلىپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك

پات پاتلا كۆكرىكىنى تۈتۈپ قوياتتى.

نەچچە مىنۇت ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ئۇنىڭ كونا جاراھىتىنى قايتا تاتلاپ قويغان ئىدى ،.

&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&&

ئالىي مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىغا چىقىپ قالغان شەھىدە دەم ئېلىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يېقىن دوستى ھەم ياتاقدىشى زۆھرەت بىلەن بىرگە بازار ئايلانغىلى چىقتى ئۇلار ئەمدىلا ئاپتوبۇسقا چىقىشى شوپۇر ئاپتوبۇسنى قاتتىق تورمۇزلاپ شەھىدە كەينىگە يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالغاندا بايقىدەك كۈچلۈك بىر قول شەھىدەنىڭ بېلىدىنلا تۇتىۋالدى.

بىر نىمە بولمىغانسەن ؟! بوش ئۇرۇندىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا ئۈلگۈرگەن زۆھرەت دەرھال دوستىنىڭ يېنىغا كەلدى.

-قىل قالدىم يىقىلىپ كەتكىلى ،شەھىدە بېشىغا چۈشۈپ قالغان سومكىسىنى ئاسقاچ يىگىتكە قارىدى.

-رەھمەت سىزگە ، ئۇ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى.

-ھېچقىسى يوق ،-يىگىتمۇ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئىككى قىز بايا زۆھرەت ئولتۇرغان جايغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

-كىنولاردىكىدەك ئىش بولدىغۇ ،شەھىدە خۇددى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەكلا !- زۆھرەت شەھىدەنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

-بايامقى ھالىتىڭ خۇددى ئۇسۇلچىلارغا ئوخشاپ قالدى ،سەن شۇنداق ئارقاڭغا ئىگىلىشىڭ ئۇ يىگىتمۇ ماسلىشىپ شاپپىدە بېلىڭنى تۇتۇپ بەردى. ، -زۆھرەت پىسسىڭىدە كۈلدى ،شەھىدەنى كۈلكە قىستاپ كەتكەن بولسىمۇ يىگىتنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئېغىزىنى تۇتىۋالدى.

جېنىم ئاداش بولدى قىلە -، دېدى شەھىدە زۆھرەتنىڭ مۈرىسىگە ئىڭىكنى تىرەپ يېلىنغا تەلەپپۇزدا ،خۇداغا شۈكرى ھېلىمۇ ئاپتوبۇستا ئادەم جىق ئەمەس ئىكەن ،خىجىل بولۇپ ئۆلەي دېدىم.

ـشۇنداقمۇ تېخى! ،

زۇمرەت دوستى بىلەن قەستەن چېقىشىپ گىلىنى قىرىپ قويدى.

قارىغاندا راستىنلار خىجىل بولغان ئوخشايسەن ،يۈزلىرىڭ قىزىرىپ كېتىپتۇ ،دېمىسىمۇ شەھەدەنىڭ قوشۇقتەك يۈزلىرى ئالمىدەك قىززىرىپ كەتكەن ئىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ چۈشلۈك تاماقتا ماڭغان شەھەدە بىلەن زۇمرەت ئاشخانىدىن چىقىۋاتقان كامىل بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

ـ ياخشىمۇ سىلەر ؟ـ كامىل ئوغۇللاردا بولۇشقا تېگىشلىك سالاپەت بىلەن ئەھۋال سورىدى.

ـ ياخشىمۇ سىز ـ! ئۇلار ئاددىيلا سالاملىشىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ـهەي ،بۇ سېنى يۆلىۋالغان ھېلقى بالىغۇ ؟! بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن ھە !ـدېدى زۇمرەت كەينىگە قاراپ قويۇپ ،ھەجە پ كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن ؟

مەنمۇ كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن ! شەھەدەمۇ كەينىگە قاراپ قويدى . قايسى يىللىقنىڭدۇ ؟ مەنچە بىر فاكولتېتتا ئەمەس.

ـئۇلار كامىل توغرىسىدىكى پارىڭنى ئاخىرلاشتۇرۇپ چۈشتىن كېيىن كۇتۇپخانىغا كىرىپ كىتاپ ئوقۇشقا كېلىشتى دە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى ،ئۇلار كۇتۇپخانىغا كىرگەندە كامىل پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاپ كۆرۈۋاتاتتى .ئىككى قىز ئۇنى كۆرۈپ يەنە ئۇچراشتۇق دىگەندەك بىر بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ ئۆزلىرىگە لازىملىق كىتاپنى ئىزلەشكە كىرىشتى.

مەن"لېيىغان بۆلاق "نى تاپالماۋاتىمەن ،تۈنۈگۈن تېخى كۆرگەنتىم ،ـدېدى شەھەدە پۈتۈن زېھنى بىلەن "ئاي يامغۇرى "رومانىنى ئوقۇۋاتقان دوستىنىڭ يېنىغا كېلىپ ،

ـقانچىنچى قىسمىغا كەلگەنتىڭ ؟ـزۇمرەت بېشىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ يەنە كىتاپقا ئېڭىشتى .ـتۈنۈگۈن ئارىيەت ئېلىۋالساڭ بولمامتى ؟!

ـۋاي جان ، نېمە بىلەي باشقىلارنىڭ بۇنداق تېز ئېلىپ كېتىشىنى ،شەھەدە قاپىقىنى سۈزدى

،-4قىسمىنىڭ تازا پىچەت پېرىگە كەلگەنتىم....

ئۇ ئۈستەلگە بوشقىنا ئۇرۇپ قويدى ،-ئەمدى ئۇ كىتاپنى نەدىن ئىزدەپ يۈرەرمەن ؟!تازىمۇ...

شەھىدەنىڭ قاغا پېيدەك قارا ئەگىم قاشلىرى تۈرۈلدى.

-سىزمۇ بۇ كىتاپنى ئوقۇۋاتامتىڭىز ؟ئىككى قىز تەڭلا بېشىنى بۇراپ كىتاپنى تۇتۇپ تۇرغان كاملىنى كۆردى ،ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كامىل شەھىدەنىڭ قېيداپ ئېيتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدى ،

-ھە ،سىزدىمتى ؟! -شەھىدەنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .كىم ئەپچىقىپ كەتكەندۇ دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتىم.

-پاراڭ سېلىشماڭلار ،بۇ دېگەن كۇتۇپخانا !- باشقۇرغۇچى ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى .شەھىدە ئۆزىنىڭ تۇيىمايلا ئۈنلۈك سۆزلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تىلىنى چىقىرىپ دوستىغا قاراپ شەيتانلىق قىلىپ كۈلدى ،ئۇنىڭ بۇ ھەركىتىنى چەتتە قاراپ تۇرغان كامىل كۆرۈپ قالدى.

-مەڭ ،سىز ئوقۇڭ-! دېدى كامىل ئاۋازىنى پەس چىقىرىشقا تىرىشىپ ،

-بىراق ،سىز ئوقۇۋېتىپتىكەنسىز غۇ ؟!بۇ مېنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئوقۇشۇم ،بولدى سىز ئوقۇۋېرىڭ !-شەھىدەنىڭ كىتاپنى دەرھال ئالغۇسى بولسىمۇ ھۆرمەت يۈزىسىدىن شۇنداق دەپ قويدى.

-ئازراقلا قالدى ،قالغىنىنى ئەتىگىچە ئوقۇيمەن ،ھازىر باشقا كىتاپ كۆرمەكچى ئىدىم ،

-ئۇنداقتا بوپتۇ ،مەن ئوقۇپ تۇراي -،شەھىدەنىڭ خوشاللىقى كۆزىدىن چىقىپ تۇراتتى . كامىل كىتاپلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى ،ئۇلار تاكى كىتاپخانا تاقا ش قوڭغۇرىقى چېلىنغانغا قەدەر كىتاپ كۆرۈپ بىللە قايتىپ چىقتى.

-قايسى فاكولتېتتا ئوقۇيسىز ،؟ !ئەزەلدىن ئوچۇق يورۇق كۆڭگەن شەھىدە ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى ، ئۇ ئېگىز بويلۇق ،تۇم قارا قاشلىق، يىگىتلىكىنى نامايان قىلىۋاتقان بۇرۇتى ئاقپۇشماق چىرايىغا تولىمۇ ياراشقان 23-22 ياشلار چامىسىكى يىگىت ئىدى، ئۇنىڭ مۇلايىم قارا كۆزلىرى

ئۆزىنى تۇتىۋالغان ئەدەپ قائىدىلىك يىگىت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى ، ئۇ ھەقىقەتەن ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولۇشقا لايىق قامالاشقان يىگىت ئىدى.

-ئۇچۇر باشقۇرۇش فاكولتېتىدا !سىلەرچۇ ؟ !

-ئەدەبىياتتىما ؟

قانداق بىلدىڭىز ؟ ئاۋازىدىنمۇ مۇلايىملىقى چىقىپ تۇرىدىغان زۇمرەت دەرھال يەرگە قارىۋالدى.

-مەنچە كۇتۇپخانىغا كىرىپ كىتاپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ كۆپۈنچىسى ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇيدۇ ،بولۇپمۇ سىلەردەك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇيدىغانلار!

ئۇلار ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە قىزغىن پاراڭلىشىپ مېڭىشتى ،كامىل يەنە دەرس تەييارلايدىغانلىقنى ئېيتىپ ئوقۇتۇش بىناسىغا كىرىپ كەتتى.

-زۇمرەت ،دېققەت قىلدىڭىزمۇ ،بۇ تازا كېلىشكەن يىگىت ئىكەن -دېدى شەھىدە ئەتراپىقا قاراپ قويۇپ ،-قارىسام گەپ سۆزلىرى خېلى جايىدا ،بولىدىغان بالىدەك قىلىدۇ جۇمۇ ؟!

كىم بىلىدۇ دەيسەن ....كونىلار چىرايلىقتا ۋاپا يوق دەپتىكەن ،بولۇپمۇ ئوغوللار دېگىنە ،ھازىرقى زاماننىڭ ئوغوللىرىغا ئىشەنگىلى بولامتى ئاداش !؟ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئەمدىلا تونۇشتۇق ،قانداقلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس جۇمۇ !؟ -زۇمرەت دوستىنىڭ ساددا ،سەممىيەتلىكىگە مەسلىگى كەلگەندەك قاراپ قويىدى.

-بەلكى مەن بەك بالدۇر باھا بېرىۋەتكەندىمەن ،-شەھىدە مۇرىسىنى قىسىپ قويىدى ،ھازىرقى زاماننىڭ قىزلىرىمۇ بوش ئەمەس ،ھەقاچان بۇ ياقىنمۇ بوش قويۇۋەتمىگەندۇ ،ئۇلار كۇلۇشكەن پېتى ياتاق بىناسىغا كىرىپ كەتتى.

شەھىدە بىلەن زۇمرەت دوست بولۇپ ئۆتىۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولاي دېدى ،سىنىپقا كىرگەن تۇنجى كۈنى شەھىدە ئىختىيارسىز قاش كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ،سۇتتەك يۇزىگە تولىمۇ ھۆسن قوشقان ،ھالرەڭ لەۋلىرى يېنىدىكى خالى تولىمۇ ياراشقان سۇرەتتەك بۇ قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى .ئىككى قىز ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ يېقىن دوسلاردىن بولۇپ قالدى ۋە بىر ياتاقتا

ئالمىشۋىلىپ ئايرىلماي بىللە يۈرۈيدىغان بولدى.

باشقىلار بۇ ئىككىسىگە قاراپ ھەيران بولۇشاتتى ،"ئىككىڭلارنىڭ كىندىكى بىرمۇ "دەپ چاقچاقمۇ قىلىپ قوياتتى ، ئوچۇق يورۇق ئاقكۆڭۈل قىز شەھەدە ،كەم سۆز ،ئېغىر ـ بېسىق زۇمرەتنى خېلىلا شوخ قىلىپ قويغان ئىدى ،نېمە ئۈچۈندۇر زۇمرەت شۇنچە چىرايلىق بولغىنىغا قارىماي خۇددى بىر غەم باردەك مەيۈس يۈرەتتى .باشقىلار بىلەن ئانچە پاراڭلىشىپمۇ كەتمەيتى ،شەھەدە بولسا زۇمرەتنىڭ ئەكسى ئىدى ،ھەممىلا ئادەم بىلەن تېزلا چىقىشىپ كېتەتتى .چىرايىدىن كۈلكە ئۆچمەيتى ،ئۇنىڭ قارا مەرمەرنى پاتۇرۇپلا قويغاندەك كۈلۈپلا تۇرىدىغان قاپقارا چوڭ كۆزلىرى ،ئالمىدەك يۈزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان تال تال كىرپىكلىرى ،بۇ يۈزلەرگە جان كىرگۈزگەن ھەققەتەك لەۋلىرى قارىغانلا ئادەمنىڭ مەسلىكىنى قوزغايتى ،بولۇپمۇ ئۇنىڭ شۇ كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان ،كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان چوڭ كۆزلىرىگە قارىغان ھەر قانداق ئادەم بۇ يېقىملىق قىزغا قايرىلىپ قارىماي قالمايتى ،بۇ ئىككىسى ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ بىر جۈپ گۈلى ئىدى ،بەزىدە ئوغوللار بۇلارنىڭ قايسى چىرايلىق دەپ تالىشىپمۇ كېتەتتى .قىزلار بولسا ھەۋەس ۋە ھەسەت ئوتىدا پۇچلىناتتى ،لېكىن ئۇلار چىرايىغا ئىشىنىپ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى .،.ھەر يىلى "ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى "، "مۇنەۋۋەر سىنىپ كادىرى "دىگەندەك ناملار بىلەن تەقدىرلىنىپ تۇراتتى ،ئوقۇش مۇكاپات پۇلىمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتى ،بۇنداق ھەم چىرايلىق ھەم ئۆزىنى تۇتىۋالغان ، ئەخلاقلىق قىزلانى بۇ كۇنلەردە كۇندۇزدە چىراغ يېقىپمۇ تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇلارغا قانات سۆرەپ يۈرگەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى.

ـشەھەدە ،بىزگە تىكىلىپ تۇرغان بۇ كۆزلەردىن تولىمۇ زېرىكتىم دەيتى دەيتى زۇمرەت سىياھەتەك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ ،خۇددى ھەممىلا ئادەم بىزگە قاراپ تۇرىۋاتقاندەك ،كۆزىنتىۋاتقاندەكلا ،بەزىدە خىجىل بولغىنىمدىن پۈتلىشىپ كەتكىلى ئازلا قالىمەن .

بۇنداق ئىشلارنى ئانچە قېتىغا ئېلىپ كەتمەيدىغان شەھەدە دوستىنى تېخىمۇ تېرىكتۈرەتتى.

ـكىم سېنى بۇنداق چىرايلىق ،ياخشى قىز بولسۇم دىگەن ؟!

ئەگەر مەن شۇلارنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتكەن بولاتتىم.

ـسەنمۇ مېنى مازاق قىلامسەن ئەمدى ،مەن ئۈنچىلىك چىرايلىق بولمىسام !؟ ـزۇمرەت تىركىششىنى باشلايتى ،سېنىڭ پاتققىڭغا مەنمۇ تېپىلىپ خەقلەر ماڭمۇ قارايدىغان بولىۋالدى ،قاچانمۇ قۇتۇلارمەن سېنىڭدىن ،يا بىرەرسىگە" ماقۇل" دېمىدىڭ،يە. !!!!!

ـقارا بۇنىڭ گېپىنى ،مەندىن بىزار بولدۇڭمۇ تېخى ،خەپ سېنى ،ئۇلار بىر ۋاقلارغىچە غىدىقلىشىپ ،كۈلۈشۈپ ھالى قالمىغاندا كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلايتى......

ـسەندەك دوستۇم بولغانلىقىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن جۇمۇ ،زۇمرەت دەيتى شەھدە دوستىنىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ

ـباشقىلارنىڭ قارىغىنىغا خاپا بولما ئاداش ، سەن شۇنداق كېلىشكەن .ھەممە تەرەپتىن يېتىشكەن ،چىمەن ئىچىدىكى غۇنچىدەك قىز تۇرساڭ قارىماي قالالاتتىمۇ خەق ئەمىسە ؟ ئادەم دىگەن گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ ،چىرايلىققا قارىمىغان ئادەم نورمال ئادەم ئەمەس .،ئۆزۈڭچە خۇدۇكسىرەپ كەتمە!

ـئۆزلىرىنى تاختا بېشىغا ئەپ قويۇپ سۆزلەيلىغۇ !ـزۇمرەت جىنەستىدەك لەۋلىرىنى ئۈمچەيتەتتى ،ـچىرايلىق دېسە سېنى دېسە بولىدۇ ،ئەشۇ چولپاندەك نۇرلۇق ،كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىڭگە قارىغان ئادەم ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ ،مىجەزىڭنىڭ ئېسىللىقچۇ تېخى...

ـۋاي ۋۇي بەكلا ئاشۇرىۋەتتىڭغۇ ئەمدى ،مانا سەن ھەقىقى گۈزەل.

ـياق سەن چىرايلىق !ـئۇلار چىرايلىقلىقنى بىر بىرىگە ئىتتىپ كەلگۈسى تۇرمۇشنى ،شېرىن گۈزەل ئارزۇ ئارمانلىرى توغرىسىدا تاتلىق پاراڭلارغا چۆشۈپ كېتەتتى.

كۈنلەر بىر بىرىنى قوغلاپ ئۆتتەۋەردى ،ئۇچەيلەننىڭ مۇناسىۋىتىمۇ تەبىئىيلا يېقىنلىشىپ ئىككى ئۈچ كۈن كۆرۈشمىسە " يوقاپ كەتتىڭىزغۇ ؟ نىمە قىلىپ يۈرۈيسىز ؟" دىگۈدەك ھالغا كېلىپ قالدى ،بۇنىڭغا ئاساسلىقى بۇلارنىڭ پىكىر دىكى ئورتاقلىق ،كەلگۈسىگە بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ،قەلبلەردىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان جاسارەت سەۋەپ بولغان بولدى ،كۇتۇپخانا ئۇلارنىڭ كونا جايىغا

ئايلاندى ،ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى غايىللىرى ،ئارزۇ ئارمانلىرى ئۈچۈن ئۆز ھېسسىياتىنى قاتتىق كونتىرول قىلىپ ئەزەلدىن بىر قىز بىلەن بۇنچىلىك يېقىن ئۆتۈپ باقمىغان كامىل ھەر تەرەپتىن ۋايىغا يەتكەن ھەممىلا ئادەمنى مەسلىكى كەلگۈدەك بۇبىر جۈپ قىز بىلەن بولغان دوسلۇقىدىن پەخىرلىنەتتى.

ئۇلارنى ھۆرمەت قىلاتتى ،ھەتتا بۇ ئىككى قىز بىلەن تونۇشالماي يۈرگەنلەردىن ،ئۇنىڭغا پوپوزا قىلىدىغان ،بىرەر سەۋەپ تېپىپ ئەدىبىنى بېرىشنى ئويلايدىغانلامۇ بار ئىدى ،لىكىن كامىل خۇددى نۇرغۇن ئىسسىق سوغاقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەملەردەك ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئەخمىقانە قىلىقلىرىغا مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپ قويۇپلا بولدى قىلاتتى.

شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىككى قىزمۇ تىرىشچان ،ئەخلاقلىق بۇ يىگىتتىن ئۆزىنى تارتىپ كەتمىدى. ياشلىق قايناق ھېس تۇيغۇلارغا ، ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە تولغان بولىدۇ ،تومۇرلاردىكى قان قىيان سۈيىدەك جۇش ئۇرۇپ كىشىنى ھەر كويلارغا سالىدۇ ،ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىنلاشقانسىرى ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان شوخ يۈرەكلەر ئۇچراشقاندا ئەنسىز سوقۇدىغان بولۇپ قالدى.

بولۇپمۇ زۇمرەت قىزلاردا بولىدىغان ئەڭ نازۇك ھېسلارنىڭ ئۆزىدە پەيدا بولىۋاتقانلىقىنى ، ئىشلارنى ئۇنچە زىغىرلاپ كەتمەيدىغان شەھدەگە قارىغاندا بالدۇر ھېس قىلدى .،قىزلار تۇنجى قېتىم يۈرىكىدە شېرىن ـ لەزىز بىر تۇيغۇنىڭ ئۆزىگە ئارامسىزلىق ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگىنىدە تولىمۇ زېرەك ،تېتىك ھەم ھوشيار بولۇپ كېتىدۇ ،ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كامىلغا ئوغۇرلۇقچە قارايدىغان ،بىر تۇرغاندا پىكىرلىرى چېچىلىپ ھەركەتلىرى قولاشمايدىغان ،ئەركىن پاراڭلىشالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى ،لىكىن ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش ھۆرمەت قىلىدىغان يىگىت قىزدىكى بۇ ئۆزگۈرۈشلەرگە دېققەت قىلمىدى . شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كامىل بىلەن شەھدە يالغۇز پاراڭلىشىپ قالدى ،ئۇ كۈنى زۇمرەت تەتىلدىن بېرى يوقلىيالمىغان تۇققانلارنىڭ ئۆيىگە كەتكەن ئىدى ،كۈتۈپخانىدىن چىققان كامىل بىلەن شەھدە بىرگە تاماق يىمەكچى بولدى.

ـ نىمە يىگۈڭىز بار شەھدە ـ ! سورىدى كامىل پۈتۈن دېققىتى بىلەن بىر ئىشنى ئويلاپ كېتىۋاتقان

قىزغا قاراپ قويۇپ

-نىمە بولسا بولىۋېرىدۇ !-ئادەتتە كۈلكىسى ئۆزۈلمەيدىغان شەھىدە بۈگۈن جىمىپ قالغان ئىدى.

-بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ؟باشقىچە تۇرىسىزغۇ!

-ياقەي .! شەھىدە چىرايىغا دەرھال كۈلكە يۈگۈرۈتتى ،-يۈرۈڭ بۈگۈن مەن مېھمان قىلاي ،"ئىنتىزار"غا بارايلى ،

-ھە ..! مەكتەپ ئەتراپىدىكى بىرەر ئاشخانىغا كىرسەكمۇ بولىدىغۇ ؟ اكەچتە يەنە تەكرار قىلماقچى ئىدىم.

-ۋاي پىخسىق ،قورقماڭ مەن مېھمان قىلمەن- ،شەھىدە كامىلنىڭ بىلىكىگە بوشقىغا ئۇرۇپ قويدى ،قويۇلۇپ كېتەرمەنمىكى دەپ قالدىڭىزمۇ ؟

كامىل ئۆزىنىڭ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

-نىمگە خىجىل بولىسىز ؟! بىز دىگەن دوست تۇرساق ،چاقچاق قىلىپ قويدۇم ،..-ئىچىدىكى ئۇدۇللا دەۋرىدىغان شەھىدە كامىلنى تېخىمۇ خىجىل قىلىپ قويدى.

ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ ئۇددۇل ئولتۇرۇشتى ،تاماق يېيىلىپ بولغۇچە ئارلىقتا ئارتۇق گەپ قىلىشمىدى ....

يېقىندىن بېرى بەك ئالدىراشمۇ نېمە ؟كامىل نىمە ئىش بولغانلىقىنى سوراشنى بىئەپ ھېس قىلدى.

-ياقەي ، ئۇ نچە ئەمەس ،شەھىدە كامىلغا قارىمايلا جاۋاپ بەردى ، ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى.

ھاۋا سالقىن ئىدى ،گەرچە باش كۈز كىرىپ قالغان بولسىمۇ ئەتىكى ئىسسىقتىن دېرەك بېرىپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلا ر يىراقتىكى پادىچى گۈلخانلىرىدەك يارقىن چاقنايتى.

كۆك ئاسمان قەسرىدە ئاي مەلىكىسى سانسىز كېنىزەكلەرنىڭ ھەمرالىقىدا ئەتراپىنى يورۇتاتتى،ئىللىق شامالنىڭ تەنلەرنى سۆيۈپ ئۆتۈشى كىشىگە چەكسىز ھورۇز بېغىشلايتى.

-كامىل ،مۇھەببەت دىگەن نېمە ؟ !تۇيۇقسىز تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك سورالغان بۇ سوئالدىن

كامىل ھودۇقۇپ قالدى.

-مۇھەببەتما ؟ كامىل بىردەم جىمىپ كەتتى ،

گەرچە تا ھازىرغىچە ھېچكىم مۇھەببەت توغرىسىدا ئېنىق ئىزاھ بەرمىگەن بولسىمۇ مېنىڭ ئويۇمچە

ئۇ ھېس قىلالىغانلار ئۈچۈن شۈنچىلىك گۈزەل بىر تۇيغۇ ، ئۇ يېنىك تىنىپ قويدى

-مۇھەببەت ، مەڭگۈلۈك مېھىر-شەپقەت ۋە سەۋر تاقەت!

ئۇ ھەسەت ئەمەس كۆرەلمەپ كېتىدىغان ،نومۇس قىلىدىغان ئىشمۇ ئەمەس ، مۇھەببەت ۋاقتى

سائىتى كەلگەندە ھېچقانداق سەۋەپسىزلا كىشىنىڭ قەلبى دەرۋازىسىغا ئۇسۇپ كىرىدۇ ،ئۇ خۇددى

دەريادىكى قۇمغا ئوخشايدۇ ، ئۇنى بارماقلىرىڭىز ئارىسىدىن ئېقتتۇۋەتسىڭىز كىيىن تۇتاي دەپمۇ

تۇتالماي قالىسىز ،

مۇنداقچە ئېيتساق ،- ئۇ شەھدەگە لەيپىدە قارىۋەتتى.

-لەيپىدە قاراشقاندا بىر -بىرىنى جەلىپ قىلىپ ،يۈرەكلەرنى پىژژىدە قىلالىسا ،شۇنىڭ ئۆزى

مۇھەببەت ، -كامىلنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز تېز سوقۇپ كەتتى .ئەمما بۇ مۇھەببەت داستان

رومانلاردا تەسۋىرلىگەن چىن ئاشىق مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەتىدەك ھەققى ۋە كۈچلۈك بولۇشى كېرەك.

-ۋاي ۋۇي ،مەن تېخى سىزنى بۇ توغرىسىدا ھېچقانداق تەجرىبىسى يوق دەپ ئويلايتىم

،مۇتەخەسسلەردەك سۆزلەيسىزغۇ ؟! -شەھدە كامىلغا بۇرۇلۇپ قارىدى، خېلى پىشىپ قالغان

ئوخشىمامسىز ؟

-زاڭلىق قىلىۋاتسىز ھە ،گەرچە مېنىڭ ھېچقانداق تەجرىبەم بولمىسىمۇ 23ياشقا كىرىپ قالغان

ئوغول بالىنىڭ كۆڭلىدە مۇھەببەت توغرىسىدا بۇنچىلىك چۈشەنچىنىڭ بولماسلىقى ئەجەپلىنەرلىك

ئەمەسمۇ ؟!

-بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تا ھازىرغىچە بىرەرسى بىلەن يۈرۈپ باقمىغىنىڭىزغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ

،سىز ھەم كېلىشكەن ھەم قابىلىيەتلىك ، سىزدەك غورۇرلۇق يىگىتلەر ھازىر تولىمۇ ئاز جۇمۇ !!!!

بىرەرسى بىلەن ئارلىشىپ بېقىشنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ ؟!

كامىل ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قىزىرىپ كەتتى ،گەرچە ئۇلار خېلى يېقىن ئۆتىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن بۇ تېما توغۇرلۇق بۈنچىلىك ئاشكارا پاراڭلىشىپ باقمىغان ئىدى ، ئۇلار ئوقۇۋتۇش بىناسىنىڭ يان تەرىپىدىكى بوش ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە كېلىپ ئولتۇردى ،شەھەدە چاندۇرماي ئەتراپتىكى جۈپ جۈپ سايىلەرگە خۇدۇكسىنىپ قاراپ قويىدى.

ساندۇقتىن تۆكۈلگەن ئۈنچە مەرۋايىتلاردەك چاقناۋاتقان يۇلتۇزلارغا قاراپ سۆزلەۋاتقان كامىل تولىمۇ ئەستايىدىل كۆرىنەتتى.

ـئويلاپ باقمىدىم دېسەم يالغانچىلىق بولىدۇ ، ئەمما ئويلىغانلىرىمنىڭ نىمە پايدىسى ،بىرەر ئادەمنى ياخشى كۆرگەن ئىكەنسىز ئۇنىڭغا كۆچىڭىزنىڭ بارىچە خوشاللىق ئاتا قىلىشىڭىز ،بەختلىك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشىڭىز كېرەك . لېكىن بەخت دىگەن ئۈنچىلىك ئاسان قولغا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس .ئىككى ئېغىز چىرايلىق سۆز ، ئاتا ئانىمىز ئۆزلىرىدىن ئاياپ مىلك تەسلىكتە ئەۋەتكەن شۇ پۇللارنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىمىزنىمۇ ،باشقىلارنىمۇ ئالداپ خەقلەرنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ خوشال ،بەختلىك يۈرگەن بىلەن كىيىنكى ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش كېرەك . ئۇ بارغانسىرى ھاياجانلىنىپ سۆزلىمەكتە ئىدى . بىز تېخى ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ياشاۋاتىمىز ،ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ بىرەر ئىشنى قىلالىغۇدەك ،ھېچ بولمىغاندا ئۆزىمىزنىڭ ئىشنى ئۆزىمىز ھال قىلالىغۇدەك ھالغا كەلگەندە ئاندىن بۇ ئىشقا قول تىقساقمۇ ئۈلگۈرىمىزغۇ ؟!!!!

ھازىرقى كىچىككىنە خوشاللىقنى دەپ ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالنى ،بەختنى ۋەيران قىلغاننىڭ نىمە پايدىسى ؟! بەلكىم مېنىڭ قارىشىم يۈزەكىدۇ ،لېكىن مەن شۇنداق ئويلايمەن ،ـ كامىل دىمىقىنى قېقىپ قويىدى.

ـئاۋال ئوقۇشتىن بەختىمنى تاپاي ،تۇرمۇشتىكى بەختىممۇ شۇ چاغلاردا تېپىلىپ قالار!

ھەجەپ كۆڭلۈمدىكىنى تاپىسىز جۇمۇ كامىل !ـشەھەدە ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى ،ـمەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن ،بەلكى بەزىلەر بىزنىڭ بۇ قاراشلىرىمىزنى ئاڭلىسا كۈلگۈسى كېلىشى ،بىزنى ئىدىيىسى ئازات بولمىغانلار ،زاماننىڭ كەينىدە قالغانلار دەپ زاڭلىق قىلىشى مۇمكىن ! پېقى

زاماندىكى "بېلىكوپ"لار دەپ چىرايلىق نامغىمۇ ئىگە بوپ قالارمىز ھەقاچان!

ئۇنداقلارنىڭ كۆڭلىدىكى بەخت چۈشەنچىسى باشقىچە بولسا كېرەك ، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا كۆز قارىشى بولىدۇ ئەلبەتتە ،كامىل شەھىدەگە تىكىلىپ قارىدى ،- ھەراس سىزچۇ ؟- سىزمۇ ئارىلىشىپ باقماپسىزغۇ ؟

-ھەر قانداق ئىشنىڭ ۋاقتى سائىتى بولىدۇ ، شەھىدە سومكىسىنى ئېلىپ تىزىغا قويدى ،مۆرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان دولقۇنسىمان قوڭۇر چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە قايرىپ قويدى ،- مېنىڭچە ئوغۇللار ئۆزىنى توختاتقان ، يۈرەكلىك ،كۆپنى كۆرگەن ،ئىرادىلىك بولۇشى كېرەك ،ئۇدۇللا ئىپپىتسام مېنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ،كەچكىچە قىزلاردەك ئۆزىنى ياساپ ، پو ئېتىپ يۈرۈيدىغان ئوغۇللار بىلەن ئانچە خوشۇم يوق ،نوچى بولسا گەپنى چوڭ قىلماي ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشى كېرەك ، كۆيدۈم پىشتىم دىگەن بىلەن كۈپايە ئەمەستە!

-گېپىڭىزگە قارىغاندا تا ھازىرغىچە كۆڭلىڭىزگە ياققۇدەك بىرەسى ئۇچرىماپتۇ دە ؟

-بەلكى شۇنداقتۇر ،ياكى ئۇچراتقان بولسامۇ مەن ھېس قىلالمىغاندىمەن ،ياكى بولمىسا ئۆزۈمگە باقماي ئوغۇللارغا نىسبەتەن تەلەپنى قاتتىق قويۇۋەتكەندىمەن.

-شەھىدەنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى.

شۇنداق ئەمەسمۇ ؟شەرمى ھايالىق ،ئەدەپ- ئەخلاقلىق ئەقلۇ پەزىلەتلىك قىزلار يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئۆز تەقدىرىنى شۇنداق ئاسان دوغا تىكەمدۇ ؟ مۇھەببەتلىك يۈرىكىنى چۈشەنمىگەن بىرسىنىڭ قولىغا بىھۇدە تۇتقۇزۇپ قويامدۇ ؟ ئادىمىيلىك پەزىلىتىگە ئىشەنمەي تۇرۇپ كۆڭۈل بېغىغا باشلاپ كىرەمدۇ ؟بۈگۈنكىدەك ھەممە نەرسىلەر ئۆز خاسلىقىنى يوقۇتۇپ يېگى دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىش دەپ قارا قويۇق قۇبۇل قىلىنىۋاتقان كۈندە بۇندەق يۈرەككە تالىق روھى مۇھەببەتكە ئىنتىلىدىغانلار زادى قانچىلىك ؟؟؟؟

-ئىشىنەمسىز كامىل !-شەھىدە كامىلنىڭ خىيالىنى بۆلدى .ئەگەر مەن بىر ئوغۇل بالا بولۇپ قېلىپ ئۆزۈم ئۇچۇن مەڭگۈلۈك جۆرە تاللىماقچى بولغاندا ھەرگىزمۇ بەزى ئوغۇللاردەك "ئاۋۇ قىز چىرايلىق

ئىكەن ،بۇنىڭ ئائىلىسى بايكەن ،ئۇنىڭ دادىسى باشلىق ئىكەن " دىگەندەك شەرتلەر ئاستىدا ئەمەس بەلكى "بۇ قىز كەلگۈسىدە قانداقراق قانداقراق بىر ئايال بولىدۇ ،قانداقراق بىر ئانا بولىدۇ؟ مىنىڭ ئايالىم ،بالامنىڭ ئانىسى بولۇشقا لايىقمۇ ؟كەلگۈسىدە بالامنى قانداق تەربىيەلەيدۇ ؟..........."دىگەنلەرنى ئويلىغان بولاتتىم .

مۇشۇنداق بولسىلا ،بۇ ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ،كەلگۈسىدىكى گۈزەل ۋە ھەسرەتسىز ئۇچۇن بەخت يارىتىش ئەمەسمۇ ؟

-قارىغاندا سىز ئوغۇللارغا پەقەت ئىشەنمەيدىكەنسىز -،كامىل شەھدەنىڭ چولپاندەك نۇرلۇق كۆزلىرىگە تىكىلدى ،،-ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىسىڭىز بولمايدۇ ،ئارىمىزدا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

شەھدە ئۆزىنى ئارتۇقچە سۆزلەپ قويغاندەك ھېس قىلدى ،نىملا دىگەن بىلەن كامىلمۇ بىر ئوغول بالىدە!؟

-كەچۈرۈڭ ،بەلكى سەل بىمەنە سۆزلەرنى قىلىپ قويغاندىمەن ..بايام كۇتۇپخانىدا بىر پوۋىست ئوقۇغان ئىدىم ،باش پېرسوناژغا شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى ..-شەھدە ئاچچىق كۈلدى ،- شۇ سەۋەپتىنمۇ پىكىرلىرىم چېچىلىپ كېتىپ بارىدۇ .بۈگۈن بەك جىق گەپ قىلىۋەتتىمغۇ دەيمەن ؟!

-نەدىكىنى ،مەن جىق گەپ قىلىۋەتتىم.

ئۇلار ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئاستا ياتاق تەرەپكە ماڭدى.

-دىمىسىمۇ ھازىر جەمئىيەت بەك بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ ،بەزىدە ئادەم كىمگە ئىشىنىپ كىمگە ئىشەنمەسلىكىنىمۇ بىلەلمەي قالىدۇ ،لىكىن مىللى ئۆرپ ئادىتىمىزنى ، ئەخلاق ، قائىدە يوسۇنلىرىمىزنى قوللايدىغان ،پەخىرلىنىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ،بەك كۆپ ئويلاپ كەتمەڭ .ئۇلارنىڭ پارىڭى مۇنا مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى ،لىكىن بۇ سۆھبەت شەھدەنىمۇ كامىلغا باغلاپ قويغاندەك قىلاتتى. ،

ھەش -پەش دىگۈچە ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگىلى يېرىم مەۋسۇملا قالدى ، ئادەتتە ھەر قانداق ئادەم

يېڭى ئوقۇشقا كەلگەندە بۇ بەش يىل ۋاقىت ناھايىتى كۆپ ۋاقىتتەك ،نۇرغۇن ئىشلارنى ئالدىرىماي قىلغىلىمۇ ئۈلگۈرىدىغاندەك ھېس قىلىشىدۇ ،ھەتتا بەزىلەر قاچانمۇ ئوقۇش پۈتتۈرەرمەن ،قاچانمۇ يۇرتۇمغا ، ئاتا ـ ئانامنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتەرمەن دەپ ئاھ ئۇرىدۇ ، لىكىن ھېچكىمگە بويسۇنمايدىغان ۋاقىت ،تۇيدۇرماي ئۆتۈپ كەلگەندە بولسا نۇرغۇن ئارزۇ ئارمانلىرىنىڭ شۇ پېتى قېلىپ قالغانلىقىدىن بۇ ئۆمرىدە قايتا نىسىپ بولمايدىغان ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى قەدىرلىمگەنلىكىدىن ئۆكىنىدۇ، ئەپسۇس ،ئەپسۇس تولىمۇ ئەپسۇس ،رەھىمسىز يىللار ئۆكۈنگەنگە قايتمايدۇ ياكى توختاپ قالمايدۇ ،ئۇنىڭ بىزگە سوۋغا قىلىدىغىنى مەشۇتتەك ئاقارغان چاچلار ھەم ئۆمۈچۈك توردەك يول ـ يول قورۇقلار خالاس ،يىللار نېمىنى ئۆزگەرتمەيدۇ دەيسىز ،؟ ئەنە قاراڭ ،ئادەمنى ئەيمەيدۈرگىدەك گۈزەللەرنى پاخپاباش مومايلارغا ،،چىنار قامەتلىك يىگىتلەرنى دوڭغاق بوۋايلارغا ئايلاندۇرۇپ قويمىدىمۇ ؟ مانا بۇ قانۇنىيەت ،ھايات قانۇنىيىتى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئويلايدىغىنى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيى نېمە ئىش قىلىش ،قەيەردە ئىشلەش ،! باشقىلارغا قارىغاندا ئۈچىنىڭ كۆڭلى خېلى خاتىرجەم ئىدى .ئۇلار ياخشى ئوقۇغاننىڭ ،ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمىگەننىڭ پايدىسىنى كۆرىۋاتاتتى ،وقۇش پۈتتۈرۈپ كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تېپىشقا بۇلارنىڭ خېلى ئىشەنچىسى بار ئىدى. ئەگەر كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالماي قالسا ئاسپىرانتلىقتا تەڭ ئوقۇشقىمۇ كېلىشىپ قويغان ئىدى .كامىل ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن قىشلىق تەتىلدە قېلىپ بىر شىركەتكە كىرىپ ئىشلىدى ،زۇمرەت ئاپىسىنىڭ سالامەتلىكى تازا ياخشى بولمىغاچقا يۇرتىغا قايتىپ كەتتى .گەرچە كامىل بىلەن شەھىدە بىر شەھەردە تۇرىۋاتقان بولسىمۇ ئۇچرىشىپ كەتمىدى. ،پەقەت بىر قانچە قېتىم تېلىفوندىلا سۆزلەشتى ،كامىلنىڭ شەھىدە بىلەن كۆرۈشكىسى ،پاراڭلاشقۇسى بولسىمۇ شەھىدە ھەر قېتىم ئىشى بارلىقىنى پۇرتىپلا تۇردى ،ئۇلار غا تەتىلدىن يىغىلغان كۆنىلا ئۇچرىشىش پۇرستى بولدى.

ـ تەتىلدە مەندىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىز ھە شەھىدە !؟ دېدى كامىل بېشىنى كۆتۈرمەي تاماق

يەۋاتقان شەھەدەگە تىكىلىپ قاراپ.

ـ ھە ..! ياقەي..ئۈنچىمۇ ئەمەسقۇ ؟!ـ شەھدە دۇدۇقلاپ كەتتى ،نەپەس ئېلىشىمۇ تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ـ ماڭا ئېيتىدىغان سۆزلىرىڭىزمۇ تازا يىغلىپ قالغاندۇ ئاداش ! ـ زۇمرەت چەينەكنى ئېلىپ شەھدەنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيدى ، ـ مەنمۇ ساڭا رومان سۆزلەپ بېرەمەن دېگىنە رومان.

ـ مەنمۇ شۇ ،شەھدە چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى . ئۇلار يەنە بۇرۇنقىدەك قىزغىن پاراڭلار بىلەن ياتاقلىرىغا قايتتى ،ئىككى قىز كەچ سائەت 12لەرگىچە بىر ئاي ئەتىل جەريانىنى قويماي سۆزلەشتى ،زۇمرەت قارىماققا تولىمۇ خۇشالدەك قىلاتتى.

ـ زمرەت ،...زۇمرەت ،؟،ئۇخلاپ قالدىڭمۇ ؟

ـ ھە ،ياق تېخى ..بىزە ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ. قارىغاندا زۇمرەتكە ھاردۇق يەتكەندەك قىلاتتى ."يول ئازابى ـ گۆر ئازابى " دەپتىكەن ،بوپتۇ ئارام ئېلىۋالسۇن.

ـ ئاسماندا يېرىم داغلاشقان ئاي پارچە بۇلۇتلار ئارىسىغا گاھ يوشۇرۇنۇپ ،گاھ ئۇچۇن چىقاتتى ،بۇلۇتلار خۇددى ئاي مەلىكنى ئۆز قويىندىن تارتقۇزۇپ قويغاندەك بىر بىرىدىن قىزغىنىپ قوللىرىنى سوزۇشۇپ تەلمۇرىشەتتى.

شەھدەنىڭ كۆزىگە ئۇيقا كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كامىل بىلەن تونۇشۇپ تا ھازىرغىچە بولغان ئىشلار كىنو لېنتىسىدەك تەپسىلى ئۆتمەكتە ئىدى. ،زادى قانداق قىلىش كېرەك ؟شەھدە بۇ سوئالنى ئۆزىدىن قانچە قېتىملاپ سورىغىنىنى دەپ بېرەلمەيدۇ ،تەقدىر قىسمەتنىڭ ئۆزىنى بۇنچە ئەخمەق قىلىدىغىنىنى ئۇ ئۇيلاپمۇ باقمىغان ئىدى ،شەھدەنىڭ قاچانلاردىن بۇيان كامىلغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى ،بۇنىسى نامەلۇم ،لىكىن تۇنجى قېتىم بىر ئوغول بالىنى ھەققى يا خشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن ھەم تولىمۇ خۇشال بولغان چېغىدا ،خۇشاللىقنى تەنھا قويمايدىغان خاپىلىق ئۇنىڭ تاتلىق خىياللىرىنى توزغاقتەك ئۇچۇرىۋەتتى ،چۈنكى ئۇ جانجىگەر

دوستى زۇمرەتنىڭمۇ كاملنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئىش ھەركەتلىرىدىن سەزگەن ئىدى. ،كىيىن زۇمرەتتىن تۇيدۇرماي گەپ ئېلىپ ئۆز پەرزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغاندا شەھىدە بەكمۇ گاڭگىراپ قالدى ،دوستى زۇمرەتكە بولغان مۇھەببەت ئۇنى كاملدىن كىچىشكە زورلايتى ،لىكىن رايىغا باقمايدىغان بەڭباش يۈرىگى بولسا كامىل تەرەپكە سوقاتتى ،شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۆچتى ،كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچتى .بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرسا ئوي-خىيالغا پېتىپ كېتىدىغان خىيالپەرەس شەھىدەگە ئايلىنى قالدى .،دوستىدىكى بۇ ئۆزگۈرۈشلەرنى كىينكى خىزمەت پىلانلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ جىمغۇرلىشىپ كەتتى دەپ چۈشەنگەن زۇمرەت كاملغىمۇ شۇنداق چۈشەندۈردى ،شەھىدەنىڭ بىر قانچە قېتىم ھەقىقى ئەھۋالنى دىگۈسى كەلدىيۇ ۋىجدانى يول قويمىدى .شۇنداق ئۇنىڭ ۋىجدانى بۇنىڭغا قانداقمۇ يول قويسۇن ؟! سەن ياخشى كۆرسەڭ مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن دەپ كاملنى تالاشسىنمۇ ؟ياكى زۇمرەتتىن - "كاملنى بەك ياخشى كۆرىمەن ،سەن بولمىساڭلار بىز بىرگە بولالايمىز ،بىزنى ئارامىمىزدا قوي "دەپ ئۆتۈنسۇنمۇ ؟؟! ياكى بولمىسا..... ياق ،شەھىدە بۇنداق گەپلەرنى ھەرگىزمۇ ئېغىزىدىن چىقىرالمايدۇ ،ئۇ دائىم قىز بالىنىڭ دوستى يوق دىگەن گەپكە ئىشەنمەيمەن ،بىز چوقۇم قىز بالىنىڭ ھەقىقى دوستى بارلىقىنى ئىسپاتلايمىز ..دەيتتدۇ ھە ئەجىبا ئۇلارنىڭ دوستى مۇشۇنچىلىكمۇ ؟؟شەھىدە ھەرگىز ئۆزىنى دەپ باشقىلارنى ئازاپقا قويىدىغان شەخسيەتچى قىز ئەمەس ،ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ باشقا بىرسى ئەمەس بەلكى قېرىنداشىدىن چارە كۆرىدىغان يېقىن دوستى .ئۇ كاملدىن ،ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىدىن ۋاز كەچسە كېچىدىكى ھەرگىز زۇمرەتتىن كەچمەيدۇ .يە نە كېلىپ ئۇ كاملنىڭ كىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ .ئەگەر كامىل زۇمرەتنى ياخشى كۆرۈپ قالسا شەھىدە ئۇلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالامدۇ ؟لىكىن ناۋادا كامىل شەھىدەنى ياخشى كۆرسىچۇ ؟!!!!شەھىدە ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە يەنە كاللىسى چېچىلدى ،شۇنچە ۋاقىت ئەستايىدىل ئويلىنىپ بىر قارار كەلگەن شەھىدە كاملنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش ئېھتىماللىقىنى ئويلىغىنىدا يەنە ئىككىلىنىپ قالدى.

دوستۇم، شەھىدەنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ سەممىيىتىدىن گۇمانلانماڭ

،يۈرىكىڭىزگە قول سېلىپ بېقىڭ ،ياشلىق كىمدە بولمىغان ؟يۈرىگى مۇھەببەت ئوتىدا تېپچەكلىگەن قايسى بىر ئىنسان ئۆز مۇھەببىتىدىن قىزغانمىغان؟!!!!

توغرا ،مۇھەببەت دېگەن تولىمۇ شەخسىيەتچى نەرسە ،ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسىنىڭ باشقىلارغا قايرىلىپ قارىشىنىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ .ھەر قانداق ئېرىششكە تېگىشلىك بولغان ،لېكىن ئېرىشەلمىگەن بەخت ھەم ئامەتكە تەلپۈنۈش ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلىش -بۇ ئىنساننىڭ تەبىئىتى ،يۈرەككە تالىق بۆيۈك تۈيغۇلارنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. ھېلىمۇ شەھىدە خېلى كەڭ قوساقلىق قىلدى .،ئەگەر بۇ بىر ئا ي تەتىل جەريانىدا زۇمرەت يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كاملنى ئىزدەپ يۈرگەن ،تەشەببۇسكار بولۇپ دوسلۇقنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسا ئىدى بەلكى ئاللا بۇرۇن...........

-بولمايدۇ ،بۇنداق قىلسام بولمايدۇ ،زۇمرەتكە ئۇۋال بولىدۇ ! ياق زۇمرەت ياق ،...نېرۋىلىرى چېڭقىلىپ بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋالغان شەھىدەنىڭ ئاۋازى تېشىغا چىقىپ كەتتى.

-نىمە ياق ،نىمە بولمايدۇ شەھىدە !؟ -چاپا ئۇيقۇدىكى زۇمرەت كارۋاتتىن بېشىنى ساڭگىلاتتى .،ئادەتتە تولىمۇ سەزگۈر ئۇخلايدىغان زۇمرەت شەھىدەنىڭ بىر ۋارقىرىشى بىلەن ئويغۇنۇپ كەتكەن ئىدى.

-شەھىدە.. ؟

-ھە ،نىمە بولدى ئاداش ، دېدى شەھىدە خۇددى چالا ئۇيقۇ گەپ قىلىۋاتقاندەك چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ.

-بايام جۆيلىدىڭمۇ ،بىر نىملەرنى ۋارقىراپ كەتتىڭ!

-ھە .ھە جۆيلىگەن ئوخشايمەن ،سېنى ئويغۇتىۋەتتىمما ،خاپا بولما،ئۇخلاۋەرگىن جېنىم!

راس ،شەھىدە چۈش كۆرىۋاتىدۇ ،جۆيلىۋاتىدۇ ! ئۇنىڭ بۇ چۈشتىن تېزىراق ئويغانغۇسى ،رېئاللىققا قايتقۇسى بار ، ئۇ كۆچىنىڭ بارىچە تىرىشىۋاتىدۇ ،كۆزلىرىنى ئېچىشقا تىرىشىۋاتىدۇ....

8-مار ت خانىم قىزلار بايرىمى كۈنى ئىدى ،زۇمرەت ياتاققا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقان پېتى كىرىپ

كەلدى ،قولدا ئىككى دەستە گۈل بار ئىدى،

-قارا چىرايلىقمىكەن ،؟!-دېدى زۆمرەت كارۋاتتا دۈم يېتىپ كىتاپ كۆرىۋاتقان شەھىدەنىڭ يېنىغا كېلىپ.

-ھە ئە ،قايسى مەجنۇنىنىڭ سوۋغىسى بۇ ،بىر قېتىمدا ئىككى دەستە بېرىدىغان ؟!

-سەن تېپىپ باقە ؟

-سېنى قوغلىشىۋاتقانلار كۆپ تۇرسا ،قايسى ئىكەنلىكىنى بىلمەك تەس جۇمۇ!

-لىكىن بۇ ئويمۇ -ئوخشاش ئىككى دەستە گۈل ،ئوبدانىراق قارا!

شەھىدە ئېرەنسىزلىك بىلەن گۈلگە قارىدى ،دېمىسىمۇ بۇ ئىككى دەستە گۈلنىڭ سانىمۇ،تىزىلىشىمۇ ئوخشا ش ئىدى ،ئۇ دەرھال كاملنى ئەسكە ئالدى ،

-تاپالىدىڭمۇ ؟!... ھەي قاپاق ،كامىل بولماي كىم بولاتتى ،قايسىنى تاللايسەن ،بىرىنمزگە بىردىن!

-قايسسى بولسا بولىۋېرىدۇ -،شەھىدە يېنىك تىنىۋالدى ،-سەندىن تالاشمايمەن.

-مەن بۇنى ئالاي دېدى زۆمرەت بىر دەستىسىنى دوستىغا سۇنۇپ ،ئۇ شەھىدەنىڭ سۆزىنى ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمىدى.

-چىرايلىق بولسا نىمە دىگەن ياخشى ھە ،مۇشۇنداق بايراملاردا تېلفونلار توختىمىغان ،سوۋغا ت ئۈزۈلمىگەن ،بۈگۈنمۇ ياتاق ئىككىڭلارنىڭ گۈلى بىلەن توشۇپ كەتتى ،- سۆخانىدا كىر يۇيىۋاتقان ئالىيە ئۇلارغا مەسلىگى كەلگەندەك قاراپ قويىدى.

تەتۈر ئۆستىخان ،ئاق سېرىق ،سېمىزرەك كەلگەن بۇ قىز بۇلارنىڭ بەش يىللىق ياتاقدېشى ئىدى.

-سەنمۇ شۇنداق چىرايلىققۇ ؟!تېخى شۇنداق ئىشچان ، سېنى تاللىغان يىگىتنىڭ چوقۇم بەختى چىقىدۇ ،-شەھىدە بۇ ئاقكۆڭۈل ياتاقدېشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى.

-يەنىلا چىرايلىق بولغانغا يەتمەيدۇ - ئالىيە ئېغىزىنى ئۇچلاپ قويىدى ،-

سىنىڭ ئىشچان ياكى ھورۇنلۇقۇڭنى كىم بىلىپتۇ ،ياكى سىرتتا چىققاندا "مەن ئىشچان "دىگەن ۋىۋىسكىنى بويۇنغا ئېسىپ چىققۇلى بولمىسا ،

ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئېلان بېرەيمىكىن يا ؟! ئۇنىڭ گېپىدىن ئۇچلىسى كۆلۈپ كەتتى.

-ئىشقىلىپ ھازىرقى ئوغوللارغا چىراي بولسىلا بولدى ،ئالىيە ئېغىر تىنى قويدى.

-مەن تېخى ئەتتىگەندە تېلىفون قىلىپ قويۇپپلا بولدى قىلدىۋ دىگەنتىم ،ئۇ قىزلارنىڭ كۆڭلىنى خېلى چۈشىنىدىكەن -،زۇمرەت گۈللەرنى بوتۇلكىغا سېلىۋاتقاچ سۆزلەۋاتاتتى ،خوشاللىقى چىرايىدى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

-گۈلنى كۆتۈرۈپ بىزنىڭ ياتاق تەرەپكە مېڭىپتىكەنتۇق ،ئۇچۇرۇشۇپ قالدىم ،شەھدە ئارتۇق گەپ قىلمىدى ،گەرچە كاللىسىغا ھېچنىمە چۈشمەيۋاتقان بولسىمۇ بېرىلىپ كىتاپ ئوقۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

-كىتاپنى قويمامسەن ؟تەييارلىقىڭنى قىل ،كامىل پەستە ساقلاپ قالدى ،

-نېمىگە ،شەھدەنىڭ يۈرىگە ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى.

-مېھمان قىلىپ بايرىمىڭلارنى تەبرىكلەي دەيدۇ ،ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ،بۇگۈن دىگەن بايرىمىمىز.

-بۇگۈن مېنىڭ ئىشىم بار زۇمرەت ،سەن چىقىپ كىرگىن!

-نېمە ئىشىڭ بار ؟! -ئەينەك ئالدىدا چېچىنى تاراۋاتقان زۇمرەت دوستىغا ئەجەپلىنىپ قارىدى. شەھدە كىتاپنى قاتلاپ قويۇپ دەرىزە ئالدىغا كەلدى.

-بىرسى بىلەن كۆرۈشمەكچى ،-ئۇنىڭ ئۇستىگە تازا مىجەزىم يوق ،

-نېمە بولدۇڭ ؟بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ ؟-زۇمرەت دوستىنىڭ مۆرىسىگە ئېسىلىپ ئۆزىگە قاراتتى .،سەن چىقمىساڭ مەنمۇ چىقمايمەن.

-مېنىڭ ئىشىم بار تۇرسا ،

-كىم ئۇ ؟ مەن تونۇمدىمەن ؟

-نېمە دېيىش كېرەك ،شەھدە تەمتىرەپ قالدى ،گەرچە ئۇنى تەكلىپ قىلغان ئوغوللار خېلى بولسىمۇ

بۇ چاغدا كاللىسىغا ھېچكىم كەلمىدى ،قىل قالدى "كامىل" دەۋەتكىلى!..

-كا .. قادىر ! شەھىدە دوستىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى.

-قادىر ؟ ! ھە كومپيۇتۇردىكى قادىرما ؟

-ھە ئە....

-سەنزە مەندىن يوشۇرۇپ غىپپىدە تىكىۋەتمەكچىمىدىڭ ؟! -زۈمرەت شەھىدەنىڭ يۈزىنى يېنىك چىمدىپ قويدى ،- ئۇنى ياقتۇرمايتتىڭغۇ ؟ بەك زورلاپ كەتتى ،بىرەر قېتىم چىقىپ قوياي دېدىم.

-تۇيۇقسىزلا ئېرىپ قاپسەنغۇ ؟...چاتاق يوقتۇ ؟

-سەنزە جىيلە قىلىشنىلا بىلىسەن ،بۈگۈن ئۆزۈڭ ئېرىپ "مۇز يۈرەك "دىگەن نامىڭ "ئوت يۈرەك "كە ئۆزگىرىپ كەتمىسىلا بولدى ،شەھىدە كۈچىنىڭ بارىچە چاندۇرماسلىققا تىرىشۋاتاتتى.

-مەن ئېرىسەم ئۇزاققا قالماي سەنمۇ ئېرىيسەن!

شەھىدە كۈلۈپ قويدى ،كارۋىتىغا كېلىپ كىتاپىنى يەنە قولىغا ئالدى ،

تەييارلىقى پۈتكەن زۈمرەت دوستىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

-راستىنلا چىقمامسەن ؟! قادىر بىلەن چىقمىغىنە بولدى ،ئۇنىڭ بىلەن چىقساڭ چوقۇم ئىچىڭ سىقىلىپ كېتىدۇ.

-مەن ئالللا بۇرۇن ماقۇل دەپ قويدۇم ،گېپىمدە تۇرمىسام بولمايدۇ ،مېنىڭ ئورنۇمدا سەن خوشال ئويناپ كىرگىن!

-ئۇنداقتا سەنمۇ بىللە چىق! ، زۈمرەت كىچىك بالىلاردەك باتىندى

-ۋاي بولدى تارتىنىپ يۈرىۋەرمەيلى ،تېز ماڭە ،كامىل ساقلاپ كېتىدۇ !، شەھىدە زۈمرەتنى بېلىدىن ئىتتىرگىنىچە ياتاقتىن چىقرىۋەتتى -دە ئىشىككە يۆلىنىپ قالدى ،ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى تېزلىشىپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى.

"مېنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە چىققۇسى يوق دەپ ئويلامسەن زۈمرەت !!!! مېنىڭمۇ ئوتتەك چىققۇم بار ،ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئادەم خوشال بايرام ئۆتكۈزگۈم بار ،لىكىن ھازىر كىچىككىنە خوشاللىقنى

دەپ ئاقۋىتىنى ئويلىمساق كىيىن ھەممىمىز ئازاپقا قالىمىز ،بولدى بۇ ئازابنى مەنىلا تارتاي.

شەھىدەنىڭ يۈرىكى سۆلىمەكتە ئىدى ،ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار قويۇلدى.........

****************************************************

"بەلكى بۇ دوسلۇق ئۈچۈن تۆلىگەن بەدىلىم بولۇپ قالار ،قادىر ئاللا سىلەرنىڭ بەختىڭلارنى بەرسۇن !"شەھىدە ياتاقتا باشقا قىزلارنىڭمۇ بارلىقنى ئەسكە ئېلىپ دەرھال كارۋىتىغا كېلىپ كىتاپنى قولىغا ئېلىپ تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى ،ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى ھېچكىم سەزمىدى.

ـ ئۈزاق ساقلاپ كەتتىڭىزمۇ ؟!ـ سورىدى زۇمرەت بىر چەتتە ساقلاپ تۇرغان كامىلنىڭ يېنىغا كېلىپ.

كامىل جاۋاپ ئورنىغا كۈلۈمسىرەپ قويىدى ،دېمىسىمۇ ئۇ خېلى ساقلىغان ئىدى.

ـ ماڭامدۇق ؟! شەھىدە چۈشمەپتىغۇ ؟

ـ ھە ،ئازراق ئىشى بار كەن ، سىزگە رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئېيتتى.

ـ شۇنچە مۇھىم ئىشمىكەن ؟ئۆزۈم تېلىفون قىلايمۇ يە ؟

ـ شەھىدە بولمىسا مېھمان قىلغۇڭىز كەلمەيۋاتامدۇ ؟ـ زۇمرەت ناز بىلەن كۈلۈپ قويدى.

ـ ياقەي ،مۇھىم ئىشى بولمىسا بىز بىلەن بىرگە چىقسۇن دەيمەنغۇ.

ـ ئۇ بىرسى بىلەن بىرگە چىقىشقا ماقۇل دەپ قويۇپتىكەن ،شۇڭا چىقالمىدى ،

ـ ھە ،،مۇنداق دەڭ ،ئۇنداقتا بوپتۇ!

ئىككىسى ئۆز پاراڭلىرى بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

ياتاقتا پەقەت شەھىدە بىلەن يەنە بىر قىزلا قالدى ،باشقىلارنىڭ ھەممىسى دوستلىرى بىلەن تاماق يېگىلى چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ـكىيىملىرىم جايىدىدۇر ؟ـ، تېلىفوننى قويۇپلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەن ئىلنۇر شەھىدەنىڭ ئالدىغا كېلىپ يېنىك پىقىرىدى.

ـ بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن ،ئۇ كۆزنى ئۈزەلمەي قالمىسۇن يەنە !؟

ـ نەدىكىنى ،بىز ئادەتتىكى دوست.

ـ ماقۇل شۇنداقمۇ دەپ تۇرايلى ،ياخشى ئويناڭلار ،ئادەتتىكى دوستلار!

ئىلنۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك شەھەدەنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ـ يانا قىزلارغا قادىر بىلەن چىقىمەن دېگەنىدەك قىلغانتىڭغۇ ؟ تېخىچە تېلېفون قىلمىدىما ؟!

ـ مەن كەچرەك تېلېفون قىلىمىز ،ئىشىم بار دەپ قويغان ،راستىنى ئېيتسام پەقەت خوشياقمايۋاتىمەن

ـ يالغان ئېيتىۋاتقان شەھەدە قەستەن ئەسنەپ قويدى.

ـ سەنمۇ ئۇنداق قاتتىقلىق قىلىپ كەتمە ،بىزنىڭ بۇ ئىشلارنى ئويلايدىغان ۋاقتىمىزمۇ بولدى ..قارىغاندا زۇمرەت كامىل بىلەن چىقىشىپ قالغاندەك تۇرىدۇ ،ئەگەر ئۇلار راستىنلا يۈرۈپ قالسا سەن تەبىئىلا ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىسەن ، سىلەر ئىككىڭلار داۋاملىق بىللە يۈرۈپ كۆنۈپ قالغان ،ئۇ چاغدا يالغۇز قالساڭ ئېغىر كېلىدۇ ـ ، ئىلنۇر شەھەدەنىڭ بۇرنىنى يېنىك چىمدىپ قويدى........

كۆنگەن يامان قىزچاق!

ـ ماڭا مۇشۇنداق پەلسەپە سۆزلەپ يۈرىۋېرىدىغان بولساڭ "كۆنگەن يايرىك " سىرىتتا توڭلاپ قالىدۇ ،خوپ باشلىق گېپىڭىزنى ئاڭلاي ـ ،شەھەدە ئولتۇرۇۋېلا پاس بەردى ـ، سىز مېڭىۋېرىڭ باشلىق ،ئادەتتىكى دوستىڭىز بەك ساقلاپ قالمىسۇن يەنە!!! ھەر قېتىم چاقچاق قىلىپ تۇگىتىسەنغۇ سەن !ـ ئىلنۇر ئەينەك ئالدىغا كېلىپ ئۆزىگە مەسلىگى كەلگەندەك كۈمۈلسىرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .ئىشىك يېپىلىشى ھامان شەھەدە ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلاپ قويۇپ ئۇن سىلىپ يىغلىۋەتتى ،گەرچە ئۇ ئاسانلىقچە يىغلاپ يۈرىيدىغان مىشچان قىزلاردىن بولمىسىمۇ مۇشۇ تۇرقىدا كۆز ياشلىرى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇنمايۋاتاتتى....

ـ ئەمدى نەگە بارغۇڭىز بار زۇمرەت ـ، سورىدى كامىل تاماقخانىدىن چىقىۋېتىپ.

ـ بۇ سوغۇقتا نەگىمۇ بارارمىز !؟ـ زۇمرەت يۈلتۇزسىز ئاسمانغا قاراپ قويدى ،گەرچە ئۇچىنچى ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ قەھرىتان قىش ئۆز كارامىتىنى يوقاتمىغان ئىدى ،تام گىرۋەكلىرىگە ،يول ياقىلىرىغا دۆۋلىنىپ قويۇلغان ئاللا بۇرۇن ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان قارلا ئىس تۈتەك بىلەن تولغان بۇ

شەھەرنىڭ خېلى ۋاقىتلارغىچە قىش بوۋاينىڭ كونتروللىقىدا تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. سوغاق شامال يۈزلەرگە نەشتەردەك سانجىلاتتى ،بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقان بۇلۇتلار روجەكلىرىدىن لىپ قىلىپ كۆرۈنۈپ قالغان ئاي تارتىنچاق قىزلاردەك بىردەمدىلا قارا پەردە ئىچىدە غايىپ بولاتتى!

ـ ئۈندىقتا بىرەر تورتخانىغا كىرىپ پاراڭلاشقاچ ئولتۇرامدۇق ؟.. سوغاقتا توڭلاپ كەتمەڭ يەنە!

ـ ۋاي بەك تويۇپ كەتتىم ،بۈگۈنلا نەچچە كىلو سەمرىپ كېتىدىغان بولدۇم!

ـ مۇشۇ بىر ۋاق تاماقنىما ؟! قىزلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەمدۇ نېمە ؟! ـ كامىل ئۈنىڭ سەرۋىدەك بويىغا قايتا نەزەر تاشلىدى.

زۆمرەت بۈگۈن ئادەتتىكىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى ،سوغۇقتىن توغاچ شاپتۇلدەك قىزارغان يۈزلىرى ،بوستاندەك كىرپىكلىرى ،قارا چۈمپەردە بولۇپ تۇرغان سىياھتەك قارا كۆزلىرى ،ھال رەڭ خالى جۆر بولغان جىنەستىدەك لەۋلىرى ياقىنى كۆتۈرىۋالغان ئاق رەڭلىك يۇڭ چاپىنى ئىچىدە خۇددى ئاق ئەتىرگۈلنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىكى غۇنچىسىغىلا ئوخشايتتى ،چوققىسىدىن ئۆرىۋالغان چېچى ئۇنىڭ نازۇك سىماسىنى تېخىمۇ جەزىبدار قىلىپ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان ئىدى.

ـ سىز شۇنداق كېلىشكەن تۇرسىڭىز ،ئازراق سەمرىسىڭىز نېمە بولماقچىدى ؟!

زۆمرەتنىڭ يۈزى دەرھال ئوت ئالدى .يۈرەك سوقۇشىمۇ ئىختىيارسىز تېزلىشىپ كەتتى ، كامىل ئۇنىڭ بۆيرۇقنى كۈتىۋاتقاندەك تىكىلىپ تۇراتتى ،

ـ مەيلى ئەمسە كىرسەك كىرەيلى!

ئەمەلىيەتتە زۆمرەتنىڭمۇ ئۇتتەك كىرگۈسى بار ئىدى ،گەرچە قورسىقى راستىنلا تويۇپ كەتكەن بولسىمۇ مۇشۇ بانادا ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن كۆپرەك بىرگە بولالايدۇ ،،ئاشۇ مېھرلىك كۆزلىرىگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ يۈرەك سىرلىرىنى تىڭشايدۇ ئەمەسمۇ !؟ مۇشۇ تۇرقىدا زۆمرەت ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىق يوق ئىدى .ئۇلار تورتخانىدا بىرەر سائەتتەك ئولتۇرۇپ قايتىپ چىقتى .گەرچە ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى يۈرەكنى تىترىتىدىغان نازۇك تېمىلارنى تەشمىگەن بولسىمۇ

،زۇمرەك كامىل بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇپ بۇنداق ياخشى پاراڭلاشقانلىقىدىن تولىمۇ خوشال ئىدى ،چېھرىدىن كۈلكە ئۆچمەيتى .بايا تورتخانىدا كۆزلىرى كامىل بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ھەر ئىككىسىنىڭ تەمترەپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچقان كۆرۈنىشىنى ئەسلەپ تاتلىق خىياللار قاينىمىغا چۆمگە زۇمرەت ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلماقتا ئىدى.

ـرەھمەت كامىل ،بۈگۈن سىزنى بەك ئاۋارە قىلدىم ،!ـ دېدى زۇمرەت ياتاق ئالدىدا تاتلىق كۈلۈمسىرەپ.

ـتەكەللۇپ قىلماڭ ،سىز خوشال بولسىڭىزلا بولدى ،

ـبۈگۈن مەن بەك خوشال ،سىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ راستىنلا بەك خوشال بولدۇم ،زۇمرەت بۇ گەپلەرنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا دەۋەتتى..

ـبالدۇرراق كىرىپ ئارام ئېلىڭ ،بۇ يەردە تۇرۇپ سوغاق  ئۆتۈپ قالمىسۇن!

ـئۇنداقتا شەرت ـ،زۇمرەت كامىلنىڭ ياقىسنى تۈزەپ قويدى ،سىزمۇ كىرىپلا ئارام ئالسىز ،بۈگۈن كىتاپ كۆرۈشكە رۇخسەت يوق ،ھېرىپ كەتتىڭىز ،!ـچوقۇقۇر كۆيۈنۈش بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر كامىلنى مەست قىلىۋەتتى ،ئۇلارنىڭ سۆزلىرى يەنە ئۇچرىشىپ قالدى ،لىكىن ھېچقايسىسى بايىقىدەك كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچمىدى.

ـياخشى چۈش كۆرۈڭ ،!ـزۇمرەت كامىلغا تاتلىق بىر تەبەسسۇم سوۋغا قىلىپ قويۇپلا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ياتاق بىناسىغا كىرىپ كەتتى ،كامىل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر دەم قاراپ  تۇرغاندىن كيىن ياتىقىغا قاراپ ماڭدى ، ئۇ ئۆزىدە ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان باشقىچە  بىر سېزىم پەيدا بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى ،يۈرەكلىرى ئوتلۇق ھاياجاندىن ئويناشقا باشلىدى ، ئۇ ئۆزىنىڭ نىمىشقا بۇنداق تويغۇدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتى ،بۇ خىل  تۇيغۇ تۇنجى قېتىم شەھىدە بىلەن پاراڭلاشقاندىمۇ بولغان ،ئۇنىڭ قايىل قىلارلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتكەن ،شۇڭا ئۇ ئۆزىنى پەپىلىدى ،بىز دوستقۇ دەپ  ئۆز ھېسياتىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇندى ،لىكىن ياتاققا كىرگەندىن كيىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككى قىزنىڭ سىماسى ئالمىشىپ ئۆتۈپ تۇرىۋالدى ،دېمىسىمۇ شەھىدە بىلەن زۇمرەت

بىر بىرىدىن قېلىشمايدىغان ،ھەممە جەھەتتىن يېتىشكەن .كۆرگەنلا كىشىنىڭ كۆڭلى چۈشكىدەك قىزلار تۇرسا ،كامىلدەك ھېسياتنى قەدىرلەيدىغان ،مەسئۇلىيەتچان يىگىتنىڭ ئۇلار توغرىسىدا باشقىچە ئويلارنى قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس ،ھەتتا ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرىمۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىپ بولالماي كامىلدىن :" ئالا كۆڭۈللۈك قىلىۋاتىسەن ،ھەر ئىككىسىنى تەڭ چۆرگىلىتىپ ئەخمەق قىلىپ نېمە قىلىسەن ،سېنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمىز ...." دەپ ئورۇنسىز رەنجىدى ،.

بەلكى ئۇلارنىڭ رەنجىشلىرىنىمۇ ئورۇنسىز دېگىلى بولماس ،لىكىن ۋىجدانى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان كامىلنىڭ راستىنلا ئۇنداق مەقستى يوق ، ھەر ئىككىسىنى ئوخشاش ياخشى كۆرىدۇ .ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ ،بىز پەقەت "دوست "دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدۇ .ھېسسياتنى كونترول قىلىدۇ ،ئارتۇقچە ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ،قايسىسىغا بەكرەك كۆڭلى بارلىقىنى ئېنىق بىر نىمە دىيەلمەيدۇ ،ئەمما بۈگۈن ئۇنىڭدا باشقىچە تۇيغۇلار پەيدا بولىۋاتاتتى.

ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى ئۇلارنىڭ مەكتەپ بىلەن بېجىرىدىغان رەسمىيەتلىرى كۆپ بولغاچقا ئۇلار ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈردى .گەرچە كامىل بىر قانچە قېتىم ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ لىكىن شەھىدە ھەر خىل سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ زۇمرەت بىلەن بىرگە چىققۇلى ئۇنىمىدى ،ھەتتا ئالدىن كېلىشىپ قويغان چاغلاردىمۇ "مۇھىم ئىشىم چىقىپ قالدى " دەپ ۋەدىسىدە تۇرمىدى ،بۇ ئىش كامىل بىلەن زۇمرەتنى سەل ئەجەپلەندۇرۇپ قويغان بولسىمۇ ئۇلار تەبئىيلا يېقىنلىشىپ باشقىلارنىڭ م سىلگىنى قوزغايدىغان بىر جۈپلەرگە ئايلىنىپ قالدى ،گەرچە زۇمرەت ئالەمچە خوشاللىقتا چۆمگەن بولسىمۇ كۆڭلىدە بىر تەشۋىش بار ئىدى ،

شەھىدەنى تاشلىۋەتكەندەك ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوسلۇقى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ ئىچ ـ ئىچىدىن خوشال بولالمايۋاتاتتى ، بىر كۈنى ياتاقتا ئىككىسى يالغۇز قالغان پۇرسەتتە زۇمرەت شەھىدەگە تىكىلدى.

ـشەھىدە ھېلىمۇ مېنى يېقىن دوستۇڭ قاتارىدا كۆرەمسەن ؟ راستىڭنى دېگىنە ؟ !

كىيىملىرىنى يىغىشتۇرىۋاتقان شەھىدە چۆچىگەندەك بېشىنى كۆتۈردى.

-تۈيۈقسىزلار نىمانداق گەپلەرنى قىلىسەن ؟ شۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ ؟!|

كۆڭلۈڭنى ئاغرىتىدىغان بىرەر ئىش قىلىپ قويىدۇممۇ يە ؟!

-بۈنى مەن سەندىن سورىسام توغرا بولىدۇ ،ماڭا سەن ئۆزۈڭنى بىزدىن قەستەن قاچۇرىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى ،

-كىم شۇنداق دەيدۇ ؟ ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلمىغىنە ئاداش -! شەھىدە ئۆز ئىشىغا كىرىشتى.

-مەن چاقچاق قىلمىدىم ،كامىلمۇ شۇنداق دەيدۇ ،نىمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم ،-زۇمرەتنىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى ،مېنىڭ مۇھەببەتلىشىپلا دوستۇمنى تاشلاپ قويغۇم يوق ،!

-ۋاي ۋۇي زۇمرەت -، شەھىدە دوستىنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى ،- بىز دىگەن شۇنداق يېقىن دوست تۇرساق ،سەندىن نىمشقا رەنجىگۈدەكمەن ،قالايمىغان خىياللارنى قىلمىغىنە ،ئاللا بۇيرىسا بۇندىن كىيىنمۇ چوقۇم ئەڭ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتىمىز ،!- شەھىدەنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى.

-ئۆزۈممۇ نىمە ئىشلىكىنى بىلمىدىم ،كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى قاراڭغۇلۇق ،خۇددى بىرەر ئىش بولىدىغاندەك ،سەندىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەكلا ، ......ئوقۇش پۈتتۈرگىلى ئاز قالغاچقىمۇ يە ھىچ ئۇقمىدىم .... زۇمرەت ئۆزىنى تۇتىۋالالمىدى ،شەھىدەنى چىڭ قۇچاقلىدى .،ئىككى قەدىناس دوست ھىچ سەۋەپسىزلا ئېسىلىپ يىغلاشتى.....

ئۇلار ئاخىرى ئوقۇش پۈتتۈردى ،،ئۇزاق ئۆتمەي كامىل بىر شىركەت بىلەن توختام تۈزۈپ ئىشقا چۈشتى .زۇمرەتمۇ شەھىدەنىڭ دادىسىنىڭ ياردىمىدە نۇقتىلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئورۇنلاشتى ،شەھىدە ئۆزىنىڭ داۋاملىق ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپ دادىسىدىن زۇمرەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنگەن ئىدى ،گەرچە زۇمرەتنىڭ ئائىلە ئىقتىسادى يامان ئەمەس ،ئۆزىمۇ ياخشى ئوقۇغان بولسىمۇ لىكىن دادىسى يوق ،ئاپىسى كىسەلچان بىر ناتىۋان قىزنىڭ بۇ چوڭ شەھەردە دەرھال خىزمەت تېپىشى تەس ئىدى ، ئۇ چاغدا كامىل بىلەن

ئىككىسىنىڭ ئىشلىرىمۇ تەسكە توختايتتى .ھەر ھالدا بۇ ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولدى ،شەھەدەنىڭمۇ كۆڭلى تىندى ، ئۇ زۇمرەت بىلەن كاملىنىڭ بارغانسىرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان مۇھەببىتىگە قاراپ ئۇلارغا مەستلىكى كەلدى ،ئۇلارغا چىن دىلىدىن بەخت تىلىدى ،ئەڭ يېقىن ئىككى دوستى ئۈچۈن خوشال بولدى ،لېكىن بۇ خوشاللىقنىڭ كەينىگە پەقەت شەھەدەگىلا مەلۇم بولغان چەكسىز ئازاپ ،تۈنجى مۇھەببىتىدىن قېلىپ قالغان يۈرەك زىرىسى يوشۇرۇنغان ئىدى.... كەسپتە نەتىجە قازىنىش ئارقىلىق ئۆز ئازابىنى يەڭگىللەتمەكچى بولغان شەھەدە پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ماگىستىرلىق ئىمتاھانىغا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى....

تېپىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كاملىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ كېتىۋاتقان زۇمرەت تولىمۇ خوشال ئىدى ،كاملدەك يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلىغانسىرى خوشاللىقى ئىچ ئىچىگە پاتماي كېتىۋاتاتتى.

ئەگەر چىڭ تۇتىۋالمىسا بەخت قۇشى ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇرۇۋپلا ئۇنىڭ بىلىكىنى سىقىپ قويااتتى ،كاملىنىڭ كەيپى زۇمرەتنىڭكىدىنمۇ چاغ ئىدى ،ئۇلار تېخى بايىلا توي قىلىشقا پۈتۈشتى ،گەرچە زۇمرەت توي قىلىشنى بالدۇر دەپ ئويلىسىمۇ كاملىنىڭ ئۇتتەك يالقۇنلۇق مۇھەببىتى ،كەلگۈسى بەختىگە بولغان چەكسىز ئۈمۈت ۋە ئىشەنچ ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېنىق بولمىغان غەم ئەندىشىلىرىنى ئاللا قاياقلارغا ئۇچۇرۇپ ئالدىغا قاراپ مەغرۇر مېڭىشقا ئۈندىدى.

-بۈگۈن ھاۋا ساپ دېدى -، دېدى زۇمرەت خۇددى جىنەستە چېچىكىدەك غۇچچىدە يۇلتۇزلار بىلەن تولغان ئاسمانغا قاراپ ،- ئۇزاق بوپتىكەن بۇنداق كۆپ يۇلتۇز كۆرۈپ باقمىغىلى ،قىش پەسلى بۇنداق كۈنلەرنى ئۇچراتماق تولىمۇ تەس!

-مەلىكىسى توي قىلمەن دەۋاتسا كىنىزەكلىرى تەنتەنە قىلمىسا بولامدۇ ؟!

قاراڭ ئۇلار سىزنى تەبرىكلەۋاتىدۇ ،قارىغاندا ھەممىسى تولۇق كەلگەن ئوخشايدۇ ،ئۆزىڭىزگە ئوخشاش گەپ ئاڭلايدىغان قىلىپ تەربىيلەپسىزدە بۇلارنى!

ئۇنىڭ تاتلىق سۆزلىرىدىن زۇمرەنىڭ دىلى يايراپ كەتكەن بولسىمۇ قەستەن تۇمشىقىنى ئۈچلىدى ،

ـ مېنى ئايغا ئوخشۇتۇپ ماختاپ قويۇپلا گۇناھىڭىزدىن چاقماقچىمۇ سىز ،!

ـ گۇناھىمدىن كەچسىلە مەلىكە ،تۈنۈگۈن راستىنلا ئىشىم چىقىپ قالدى ،بولمىسا بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز ئۆتكۈزىۋەتمەيتىم ،ـ،كامىل راستىنلا مەلىكە ئالدىدا گۇناھىنى تىلەۋاتقان گۇناھكاردەك قولنى كۆكرىكىگە قويۇپ تەزىم قىلدى ،ئۇنىڭ چاندۇرماي ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن زۇمرەت ئۇنىڭغا ماسلاشتى.

ـ باھانە سەۋەپ كۆرسىتىشكە رۇخسەت يوق ، خاتالىقىڭىزنى تونىدىڭىزمۇ ؟

زۇمرەتمۇ قەستەن ئىككى قولى بىلەن بىلىنى تىرەپ مەغرۇرانە سۆزلەۋاتاتتى.

ـ تونۇدۇم مەلىكەم ،گۇناھىمنى قانداق يۇيسام بولاركىن ؟

ـ ئۇنداقتا....

زۇمرەت ئويلىشىپ تۇرغان پۇرسەتتە كامىل" كاپ "لا قىلىپ ئۇنى كۆتۈرىۋالدى ،چۆچۈپ كەتكەن زۇمرەت تىۋۇلىۋەتتى.

ـ ۋاي نېمە قىلىۋاتىسىز كامىل .!!! ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى ئويناپ كەتكەن ئىدى ،ـ بولدى ،بولدى ،گۇناھىڭىزدىن كەچتىم ،مېنى چۈشۈرىۋېتىڭ ،؟!

ـ گۇناھىم ئېغىر ،مەلىكەم ،بىردەم كۆتىرىۋالاي.....

ـ سەت تۇرىدۇ ،بولدى چۈشۈرىۋېتىڭ ،ھېرىپ كېتىسىز...

ـ ياق ،ھۆكمىرانلىق قىلىش پۇرستى ئەمدى ماڭا كەلدى ،ـ ئۇ زۇمرەتنىڭ بېشىغا يېنىك ئۇسۇپ قويدى ،ـ مۇشۇ كۆتۈرگەن پېتى ياتىقىڭىزغا ئەكىرىپ قويىمەن.

ـ جېنىم كامىل ئۇنداق قىلماڭ ،...سىز نېمە دېسىڭىز شۇ ،باشقىلار كۆرسە خىجىل بولىمەن..

ـ بوپتۇ ئەمىسە ،لېكىن جازاسى بار جۇمۇ ، كامىل زۇمرەتنى چۈشۈرگەچ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

ـ ئەسكى.... زۇمرەت كامىلنىڭ بىلىكىگە ئۇرۇپ قويۇپ يەنە قولتۇقلىۋالدى.

ـ تۈنۈگۈنكى تۈنجى قار راستىنلا بەك پەيزى ياغقان ئىدى ،كېلىپ قالسا ئايلىنىپ كېلەرمىزمىكىن دەپ تاما قىلىپ سائەت 10غىچە ساقلىدىم.

ـ مېنىڭغۇ شۇنداق ئۈتتەك كەلگۈم بار ئىدى ،شەھەدە بىلەن چىقىشىڭىز بولمامتى ؟!

ـ ئۇ ھازىر بەك ئالدىراش ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قارىغا مەندىمۇ ئامراق ، بۇنداق كۈنلەردە ئۇنى تاپقۇلى بولمايدۇ!.

ـ ھە راس زۇمرەت دېدى كامىل جىددى قىلىپ ،ـ شەھدە بەكلا جۈدەپ كېتىپتۇ ،ئالدىنقى كۈنى ئۇچرىشىپ قالغان ئىدۇق ..بەك چارچاپ كەتتىمۇ قانداق !؟

ـ ئۇ ھازىر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىمتاھانغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ ،بەك ئالدىراش ،مەنمۇ ئۇنى ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

ـ ئىككىمىز يۈرگەندىن كېيىن ئۇ تاشلىنىپ قالدى ،مەن خۇددى سىزنى تارتىۋېلىپ ئۇنى يالغۇز قويغاندەك خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالدىم ،ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلسەك بولاتتى.

ـ مەن بۇلارنى بۇرۇنلا ئويلىغان ،بەزىدە بەك ئارلىقتا قالىمەن ،ـ زۇمرەت يېنىك تىنىپ قويدى ـ، سىز بىلەن كۆرۈشكىلى بىللە چىقىلى دېسەم سىلەرگە پۈتلىكاشاڭ بولۇپ قالىمەن دەپ پەقەتلا ئۇنىمايدۇ ،شۇنداق چاغلاردا ئۇنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كەتكۈلى چىدىماي قالىمەن ،سىز بىلەن كۆرۈشكىلى چىقماي دېسەم سىزگە چىدىمايمەن ،ئۇ مېنى دەپ ياتاقتا يېتىۋاتسا مەن سىزنى دەپ ئۇنى يالغۇز قويىۋاتىمەن.

ـ شەھدە بۇنداق يالغۇز يۈرىۋەرسە بولاتتى ،ئۇنىڭ كېينكى ئىشلىرىنى ئويلايدىغان ،كەلگۈسى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى ،كامىل بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك زۇمرەتكە قارىدى.

ـ مېنىڭ شۇنداق ياخشى بىر دوستۇم بار ، ئىككىسى تازا ياخشى ماسلىشىدۇ ،تونۇشتۇرۇپ قويايلىمۇ يە ؟

ـ قانداقراق بولاركىن جۈمۇ ،شەھدەنىڭ كەيندە يۈرگەن يىگىتلەرمۇ ئاز ئەمەس ،لىكىن ئۇنىڭ پەقەتلا كارى يوق ،مەن گەپ قىلسام ": مېنىڭ ھازىرچە ئۇ ئىشلارنى ئويلاشقۇم يوق دەپ پەقەتلا يېقىن كەلمەيدۇ ،تولا دەۋرىپ ھېرىپ قالدىم.

ـ ھەي بىرەرسىگە يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈردىمۇ تېخى ؟ـ كامىل شەيتانلىق بىلەن كۈلدى ،يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان قىز بالىدا بىرەر ئوغول بالىغا نىسبەتەن كۆڭۈل بولماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟ ! "يوشۇرۇن كۆيۈش مەخپىي ئازاپ ،شۇنچە تاتلىق لەززىتى "دەپ ئۇ شۇ خىل تاتلىق لەززەتتىن بەھرىلىنىپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە ! سىز بەكرەك سوراڭ جۇمۇ يەنە.

ـ توۋا دەڭە ؟ ـ!زۇمرەت ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى ،خۇدايىم ساقلىسۇن ئۇنداق يوشۇرۇن كۆيۈپ قېلىشتىن!

خۇددى سىز ئەينى ۋاقىتتا ماڭا كۆيۈپ يۈرگەندەكمۇ ؟ تازا پەيزى بولار بولغىيتى ؟! ـ ئۇ قەستەن زۇمرەتنىڭ چىشىغا تەگدى.

ـ ئۆتەپ بېرىڭە ،كىم شۇنداق دەيدۇ ؟ كامىلنىڭ بېلىكىدىن قولنى ئاجرىتىۋالغان زۇمرەت تېزلىك بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئالدىدىكى يەردىن بىر ئۇچۇم قارنى ئېلىپ كامىلغا قاراپ ئاتتى.

ـ ھە ،مانا ئەمىسە...

قار پومزىكى تەييارلىقسىزلا تۇرغان كامىلنىڭ يۈزىگىلا تەگدى.

ـ يەنە شۇنداق قىلىپ بېقىڭە ، زۇمرە كىچىك قىزلاردەك قاچتى ،

ـ خەپ توختاڭ سىزنى قارغا كۆمۈۋەتمەيدىغان بولسام!

مۇشۇ تۇرقىدا ئۇلار ئاپئاق گۈللەر ئارىسىدا قوغلىشىپ يۈرگەن بىر جۈپ كېپىنەككە ئوخشايتى ،چىراغ نۇرىدا يەرگە چېچىلغان ئەينەك پارچىسىدەك چاقناۋاتقان ئاپئاق قار كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى ، پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ،تەبىئەتنىڭ قىشقا بەرگەن بۇ سوۋغىسى بارلىق پاسكىنچىلىق ۋە رەزىللىكنى يوشۇرماقچى بولغاندەك بۇ ئاۋات شەھەرگە ئاق لىباستىن تون كەيدۈرۈپ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالغانىدى ،گەرچە قاردىن كېيىنكى سوغان بەدەنگە نەشتەردەك سانجىلسىمۇ بۇ گۈزەل مەنزىرە ئالدىدا ھېچنىمىگە دال بولالمايتى.....

زۇمرەت ياتاقتا بېرىلىپ كىتاپ كۆرۈۋاتقان شەھدەنى چۆچۈتۈش ئۈچۈن تۈيدۈرماي كىرىپ ئاستا ئۈستەل يېنىغا كەلدى ،

-ھەي!!!!!!!!!!!!!!

-ئاپا ،شەھىدە تولۇلۇۋەتتى.

-ئۇڧ ھەجەپ قورقۇتتۇڭ زۇمرەت ، نىماندىاق جىندەك پەيدا بولىسەن ؟

-مەن جىن، سەن ئالۋاستى ،!- زۇمرەت كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

-قانداق كىردىڭ ؟- ئىشىك ئوچۇقمىكەن ؟

-ۋاي جېنىم ،كىتاپقا قارىسىڭىز ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىدىكەنسىز ،مۇشۇ پېتى بىرەرسى كۆتۈرۈپ ئەپچىقىپ كەتسىمۇ تۇيمىغىدەكسىز ؟

سىرىت سوغاقتۇر ھەقاچان ،؟ شەھىدە كېرىلىپ قويدى.

-ھە ئە بىر ئا ز سوغاق ،لېكىن ھاۋا شۇنداق پەيزى ،يۇلتۇز بەك كۆپ چىقىپتۇ ،توڭلاپ كەتمىگەن بولسام كىرىپ كەتمەيتىم ،

-يېنىڭدا كامىل تۇرسىمۇ توڭلاپ كەتتىڭمۇ ؟.... ھاۋاغا ئەمەس كامىلغا قىيالماي قالغانسەن ؟ شەھىدە دوستىنىڭ ئېلىپتەك بۇرنىنى چىمدىپ قويدى.

-ۋۇ قېلىن ،ئۇلار بىر دەم غىدىقلىشىپ كۈلۈشكەندىن كىيىن كارۋاتتا ئوڭدىسىغا ياتتى.

-شەھىدە دېدى زۇمرەت جەينىكى بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ، قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرۈيسەن ،بىرەرسى بىلەن ئارلىشىپ باقساڭ بولاتتى.

شەھىدە ئۇندىمىدى ،ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغان ئىدى.

-كامىلنىڭ ب شۇنداق كېلىشكەن ھەم ياخشى بىر دوستى بار ئىكەن ،ساڭا تونۇشتۇرۇپ قويايلى دەيدۇ ،كۆرۈشۈپ باقامسەن ؟

-بولدىلا ئاداش ،مېنىڭ ھازىر ئۇ ئىشلارنى ئويلىغۇم يوق ،كىينىچە بىر گەپ بولار!

-ماڭا قارا ،زۇمرەت ئۇنى تۈرتىدى ،ئۇ بالىنى بەك ياخشى دەيدۇ ،كەتكۈزۈپ قويما يەنە ؟

-قويغىنە ،كىم بىلىدۇ ؟!- شەھىدە كۆزىنى ئېچىپ تورۇسقا تىكىلدى ،

-خۇدايىمنىڭ ماڭا ئاتاپ قويغىنىمۇ باردۇر ،ھازىر ئارتۇقچە كۆچىگەننىڭ پايدىسى يوق ،ۋاقتى

سائىتى كەلگەندە قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

ـ ھەي ،ئۇ كامىلنىڭ دوستى بولغاندىن كىيىن چوقۇم ياخشى.

ـ كامىل دىگەن كامىل ،دوستى دىگەن دوستى ،شەھىدە قانداقلارچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمىدى ،ئاۋازىمۇ قاتتىق چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ـ ۋاي ۋۇي ئوماق زۇمرەت ،گەپتە كەتكۈزۈپ قويغان شەھىدە دەرھال دوستىنى قۇچاقلاپ ئەركىلىتىشكە باشلىدى.

ـ تاتلىق دوستۇم ،مەن ئاۋۋال ئىمتاھان بېرىۋالاي ،كۆرۈۋاتىسەنغۇ ھازىر مەن بەك ئالدىراش ،كىينىچە بىر گەپ بولسۇن بولامدۇ ؟ شەھىدە تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى ، ماڭا سەن بولساڭلا بولىدۇ ،ئەمدى سەنمۇ مېنى چۈشەنمەمسەن!

ـ مەيلى ئەمسە زورلىماي ،زۇمرەت يېنىك تىنىپ قويىدى .

شەھىدەنىڭ بۇرۇندىن زېھنى ئۆتكۈر ،ئەقىللىق قىز ئىدى ،بۇ قېتىقىمۇ ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىكار كەتمىدى ،ماگىستىرلىق ئىمتاھانىدىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى ،لىكىن بۇ خەۋەر كەلگەندە ئۇنى خوشاللىق ،تىڭىرقاش ،تەئەججۈپ تۇمانلىرى چىرمىۋالدى.

خۇددى بۇ مۇقەررەر بولۇشقا تېگىشلىك قانۇنىيەتتەك چەكسىز خوشاللىق ئاززۇ-ئارمان قوينىغا تاشلىيالمىدى ،نىمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى يېرىم ئىدى ،ئۇ ئۆز ئۆزىدىن ئەجەپلەندى:

"نېمىگە كۆڭلۈڭ يېرىم ،شەھىدە ؟

بۇ سەن ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈپ كېلىۋاتقان كۈن ئەمەسمىدى ؟ مانا بۇ تىرىشچانلىقىڭنىڭ ،ئاقكۆڭۈللۈكىڭنىڭ نەتىجىسىغۇ ؟سەن ئاتا ـ ئاناڭغا ،دوستلىرۇڭغا ،ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈڭگە ،ۋىجدانىڭغا يۈز كېلەلەيسەن . ئۆزۈڭدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقسەن ،يەنە نېمە ئۈچۈن خوشال بولمايسەن ،ئەجەپ تېخى كامىلدىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەيۋاتامسەن ،دوستۇم ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىڭدىن پۇشايمان قىلىۋاتامسەن ؟ ئۇنداقتا بوپتۇ ،پەقەت چىدىيالمىغان بولساڭ بار ،ئۇنى دوستۇڭنىڭ قولىدىن تارتىۋال ،سېنىڭمۇ بەختىتىن بەھرىمان بولۇش ھوقۇقۇڭ بار........!

"ياق شەھەدە ،سەن ئۆنداق ئىچى تار ،باشقىلارنىڭ قايغۇسى بەدىلىگە ئۆزۈڭ خوشاللىقا ئېرىشىدىغان قىز ئەمەس،تۇرمۇشنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىق ـچۈچكى بولمىسا نېمەلەززىتى ،ئەجەبا دوسلۇق ئۈچۈن قۇربان بېرىش ئارتۇقچىمۇ ؟ ياكى ئۇلار قۇربان بېرىشكە ئەرزىمەمدۇ ؟ سەن دائىم ئاقكۆڭۈل ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ ،ياخشى جاۋاپقا ئېرىشىدۇ ،مەن بەزىلەردەك ئۆزۈمنىڭ ئاقكۆڭۈللۈكىدىن ئەخمىقانىلىك ھېس قىلمايمەن ،تېخىمۇ ئاقكۆڭۈل قىز بولۇشقا تىرىشىمەن ،بىر كۈنلەر چوقۇم مۇرادىمغا يېتىمەن ......" دەيتتىڭغۇ ؟

شەھەدە توختىماي ئۆزىدىن سوئال سوراپتى ،بەزلەيتى ،تەسەللىي بېرەتتى.

شەھەدەنىڭ ئاتا ئانىسى ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى ،ئۇنىڭ ئىمتاھاندىن ئۆتكەنلىكى ئۇلارنى تولىمۇ خوشال قىلدى ،ئۇلار كۆڭلىدە ئەقلۇ- ھوشى جايىدا،ۋاپادار ،پەرىشتىدەك بىر قىزنى ئاتا قىلغان ئىگىسىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيىتتى....

شەھەدە ئىچكىرىگە ،ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا ماڭغان كۈنى زۆمرەت ئىككىسى پويىز ئىستانىسسىدا خۇددى بىر سىگە ھازا تۇتقاندەك قاتتىق يىغلاشتى ،گەرچە زۆمرەتنىڭ دوستىنى كۈلۈپ ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئۇزاتقۇسى بولسىمۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئىچ- ئىچىدىن ئۆكسۈپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالمايۋاتاتتى...

ـبۇ نېمە قىلغىنىڭىز زۆمرەت ! ـ كامىل ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى ، شەھەدە كەلمەسكە كەتمىدى ،قاراڭ زۇلپىيە ھەدەم ئارانلا تۇرىۋاتىدۇ ،سىز بۇنداق قىلسىڭىز ئۇلارنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولمامدۇ ؟ ئۆزىڭىزنى تۇتىۋېلىڭ!

ـكەچۈرۈڭلار ..ئەسلىدە بۇنداق قىلماسلىقىم كېرەكتى ،دېدى زۆمرەت ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ ، توۋا ،ساراڭمۇ مەن ،بۈگۈن دىگەن خوشاللىق كۈن تۇرسا سېنى كۈلۈ پ ئۇزاتماي كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىپ يۇرگىنىمنى قارا ،قارىغا ندا سېنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئوقۇۋېرىپ كىيىن داڭلىق شەخىس بولۇپ كېتىشىڭگە چىدىيالمايۋاتقان ئوخشايمەن ،

ئۇ كەيپىياتنى تەڭشەشكە ئۇرۇندى ،.ھەي غەلىتە قىز بولدۇمغۇ مەن چاپاندەك.

-چاياندەكمۇ ؟ شەھىدە زۇمرەتنىڭ بېلىكىنى يېنىك چىمدەك قويدى .چايانىنىڭ دوستى نېمە بولماقچىدى. ،،...بولدى ئوچۇق دەۋەرگىن ،شۇنداق قىلىپ سەن مېنىمۇ چايان دېمەكچىمۇ سەن .،ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشتى ،نىملا دىگەن بىلەن ئايرىلىش دە بۇ ،

گەرچە ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا كۈلكە بولسىمۇ لىكىن كۆزلىرىدە يىغا يامرايتى .بۇنىڭدىن ئەلبەتتە كامىلمۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.

-كەچۈرۈڭ شەھىدە ،-دېدى كامىل زۇمرەت تازلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتكەن پۇرسەتتە ،

-بىر قانچە كۈندىن بۇيان زۇمرەتنىڭ تازا مىجەزى يوق ،كەيپىياتىمۇ ياخشى ئەمەس ،بەلكى سىزدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي شۇنداق بولغاندۇ ،شۇڭا بۈگۈن پەقەت ئۆزىنى تۇتىۋالالمىدى.

-زۇمرەتنى سىزگە تاپشۇردۇم كامىل - شەھىدە چوڭقۇر نەپەس ئالدى ،ئۇ تېپىلماس ياخشى قىز ،ئۇنى ئاسراڭ ،ئۇنىڭ بۇ يەردە سىزدىن باشقا يېقىن ئادىمى يوق ،ئەمدىلىكتە مەنمۇ كەتمەكچى بولىۋاتىمەن ،ئۇ بارلىق خوشاللىقنى ،خاپىلىقنى سىزدىن تاپىدۇ ،ئەلۋەتتە سىزمۇ بۇنداق گەپلەر كەتمەيدىغان ئېسىل يىگىت ،شۇنداقتىمۇ ياشلىقتا ئۇنداق بۇنداق سەۋەنلىكتىن خالىي بولالمايدىكەنمىز ،مۇھەببەتنىڭ قەدىرلىشلارنى ئۇنۇتۇپ قىلمەن . شەھىدە كۆزلىرىگە يىغلىپ قالغان ياشنى زورىغا يۇتىۋەتتى ،ۋاقتىڭلار چىقسا بىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇڭلار ،ئاتا ئانام سىلەرنى ئۆز بالىسىدەك كۆرىدۇ ،ئىنىممۇ سىزگە بەك ئامراق!

-بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ ،ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ!

پويىز قوزغالدى. شەھىدە كۆزلىرىدە ياش ،ئېغىزىدا كۈلكە ئۇلار بىلەن خوشلاشتى . غۇيۇلداپ كەتكەن پويىزنىڭ كەينىدىن خېلى بىر جايلارغىچە يۈگۈرگەن زۇمرەت خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بولۇپ قالدى......

باشقىچە مۇھىتتىكى جىددى تۇرمۇش شەھىدەنى باشتا خېلىلا تەمتىرەتكەن بولسىمۇ ئۇ تېزلا ئۆزىنى ئوڭلاپ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋالدى ،ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزىنى خۇددى يېڭىلا ئوقۇشقا كىرگەن ئوقۇغۇچىدەك ھېس قىلىپ قالدى ،ئىلگىرى نۇرغۇن ۋاقىتلىرىنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزىۋەتكەنلىكىگە

ئۆكۈندى ، بۇ يەردىكى كىشلەرنىڭ تىرىشچانلىقى چىدامچانلىقى ،ۋاقتنى قەدىرلىش روھى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى . ئۇ ئۆزىنى خېلى ئىشلارنى قىلالايدىغان ،باشقىلارنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك يارامىلىق قىز دەپ ئىشىنەتتى ،لىكىن دەسلەپتىلا يولۇققان نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭغا ئاساسىنىڭ تېخى تولىمۇ ئاجىزلىقىنى ،باشقىلاردىن نەچچە ھەسسە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىملىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

گەرچە ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا تولىمۇ غېرىپلىق ھېس قىلغان ،يۇرتىنى ،مېھرىبان ئاتا ئانىسىنى ،جان جىگەر دوستلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كەلگەنلىكىن پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ يەنىلا ئۆز غەيرىتىگە تايىنىپ ھەممىنى يېڭىپ كەتتى .بۇ خىل تۇرمۇشقىمۇ ئاستا-ئاستا كۆنۈپ كەتتى...

ئۇنىڭ كۈنلىرى تولىمۇ ئالدىراش ئۆتەتتى ،ھەر كۈنى ئەتتىگەن چىقىپ كەتسە كەچ سائەت 11لەردە قايتىپ كىرەتتى ،بارىدىغان يېرى كۇتۇپخانا ،ئاشخانا ياتاق ئىدى ،بۇرۇنقىدەك بىردەم يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان ،بىكارچىلىقتا كوچا ئارلايدىغان ئەينەككە قاراپ ئۇ يەر بۇ يەرلىرىنى تۈزۈشتۈرۈپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان ئىشلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى ،كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتىۋەردى ،كامىل زۇمرەتلەر بىلەن تېلىفون ئارقىلىقلا ئانچە مۇنچە پاراڭلىشىپ تۇردى ،ئۇ ئىككىسىنىڭ -5ئايدا بولىدىغان تويىغا ئۈلگۈرۈپ بېرىشقا ۋەدە بەردى ،زۇمرەت شەھدەنى قولداش قىلىش ئۈچۈن تويىنى ئۇ كېلەلەيدىغان بايرامغا توغۇرلىغان ئىدى..

شەھدە زۇمرەتنىڭ تويىغا نېمە سوۋغا قىلىشنى ئويلىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىزلا تويىنىڭ كىچىكتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى ، شەھدە سەۋەبىنى سورىغاندا زۇمرەت: ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كىينرەك توي قىلىشنى ئوتتۇرغا قويغانلىقىنى ئېيتتى ، شەھدە بەك ئالدىراش بولغاچقا بىر ھېساپتا بۇمۇ ياخشى بوپتۇ دەپ ئويلىدى ،تەتىلدە قايتماقچى بولغان بولسىمۇ لىكىن مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسىغا ياردەمچى بولۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن قايتىيالمىدى ،يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىپ شەھدەنىڭ ئالدىراشلىق كۈنلىرى يەنە باشلاندى ، ئۇ ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى ،ھەتتا ئاتا -ئانىسى ،زۇمرەتلەر بىلەن

پاراڭلىشىدىغان پۇرسەتلىرىمۇ ناھايىتى ئاز چىقاتتى ،بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتا كىيىم ماڭغان شەھىدە دوستى بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئىككى ھەپتە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ دوستىغا تېلېفون قىلدى ،لېكىن زۇمرەتنىڭ تېلېفونى ئۆلانمىدى ،كاملىغا قىلىۋىدى ئۇنىڭمۇ ئېلىنمىدى .شەھىدە سائەتتىگە قارىدى ،زۇمرەت ئىشتىن چۈشۈشكە بالدۇر ئىدى ، ئۇ شۇنىڭ بىلەن زۇمرەتنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون قىلدى.

ـ ياخشىمۇ سىز ،زۇمرەت مۇئەللىم بارمىدۇ ؟!

ـ زۇمرەت ..مۇئەللىم ....قارشى تەرەپ جىمىپ قالدى.

ـ ھە ..دەرسكە چىقىپ كەتتىمۇ يە ؟ ئۇندااقتا.

ـ ھە ..ياق ، ئۇ قازا قىلىپ كەتتى.

ـ نېمە ! نېمە دېدىڭىز ،بۇ مۇمكىن ئەمەس ؟! ـ شەھىدە قاتتىق توۋلىۋەتتى ،

ـ كەچۈرۈڭ ...ئۇ راستىنلا ئىككى كۈن ئىلگىرى قازا قىلىپ كەتتى.

ـ ياق ،قانداقسىگە بۇنداق بولىدۇ ،

شەھىدە نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى ،يۈرىكى ئېغىزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ نەپەس ئېلىشىمۇ تەسلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

"زۇمرەت ....زۇمرەت ،بۇ زادى نىمە ئىش ؟ ئۇنىڭغا زادى نىمە بولدى.

ئاپا ..ئاپا ،بۇ چوقۇم يالغان ،........شەھىدە ئۆز ئۆزىگە سۆزلىگەچ مىڭ تەسلىكتە ئۆيىگە تېلېفون قىلالىدى.

ـ ئاپا ،نېمە ئىش بولدى ،زۇمرەتكە نېمە بولدى ؟ شەھىدەنىڭ ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ ئىدى ،يۈز كۆزلىرى ئاللا بۇرۇن توختىماي چۈشۈۋاتقان ياشلىرى بىلەن يۇيۇلغان ئىدى ،بېشى چىڭقىلىپ ھازىرلا پارتىلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ـ قىزىم ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال ،بولغىلىق بولدى ،شەھىدەنىڭ ئاپىسى يىغلاشقا باشلىدى..

ـ ياق ئاپا ،بۇ مۇمكىن ئەمەس ،مېنى ئالداۋاتىسلەر...

ـ ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگۈلى بولمايدۇ قىزىم ..بىزمۇ....

شەھەدە يىقىلىپ چۈشتى ،ئۇ بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئايلىنىپ قالغان ئىدى .

قەبرىستانلىقتىكى دۈمچەك دۈمچەك قەبرىلەر ،ئېگىز ـ پەس مەقبەرە ـ گۈمبەزلەر ،تۇغ ئەلەم ئابىدە تاشلار تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى .ئەسىرلەر بويى ئادەم يەپ تويمىغان بۇ يەر ئادەتتىكى چاغلاردىكى ئېغىر سۈكۈتتىن مۇستەسنا بولۇپ ھەر قانچە تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ قەلبىنى ئېزىدىغان يىغا ئاۋازى ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى ماكانى بولغان بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزغان ئىدى .قەبرىنى قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلاۋاتقان بۇ ھازىدار كىم بولغىيتى ؟

ـ جېنىم زۈمرەت ...... مەن كەلدىم ......نىمىشقا مېنى ساقلاپ تۇرمايسەن ؟نىمىشقا مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىسەن ؟ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن ؟ كىم مېنى دوستۇم دەيدۇ ؟ كىم مەن بىلەن سىردىشىدۇ ....؟

قەبرىنىڭ تۇپىلىرى يۈز كۆزلىرىگە سۇۋۇلۇپ كۆز ياشلىرى لاي بولۇپ ئېقىۋاتقان شەھەدە نەچچە كۈن ئىچىدىلا بەك جۈدەپ كەتكەن ئىدى ،كۆلكە تۆكىلىدىغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ بۇغداي ئۆڭ چىرايى خەسسەدەك سارغىيىپ كەتكەن ئىدى....

ـ ئاھ خۇدا ، سەن نىمىشقا زۈمرەتنى ئېلىپ كېتىسەن ،ئۇنىڭ تېخى 10گۈلىنىڭ بىرسى ئېچىلمىغان ئىدىغۇ ؟! بىز ئالدىڭدا نىمە گۇناھ قىلغان ؟! نىمىشقا بۇنچە رەھىمسىزلىك قىلىسەن ؟ نىمىشقا .......زۈمرەت ... جېنىم زۈمرەت..................

شەھەدە ھېلى قەبرىنى قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلىسا ھېلى ئاسمانغا قاراپ نالە قىلاتتى . تۇرۇۋېلا باش ـ كۆزلىرىگە شاپاللاپ ئۇرۇپ كېتەتتى.

زۈمرەتنىڭ ئاپىسى ئۇنى ملك تەسلىكتە قەبرىدىن ئاجراتتى . كاملىنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى بۇ ئىككى دىلكەشنىڭ باغرىنى تېخىمۇ ئۆرتىۋەتتى ،"ئەجبا كۆزۈڭ يۇمۇلۇش ئالدىدا مەن ئىسىڭگە كېلىپ قويمىدىمۇ زۈمرەت ؟ سېنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشەلىشقا بولسىمۇ پۇرسەت بەرمەپسەنغۇ ؟

مېنى بىر ئۆمۈر پۇشايمان ئوتىدا ئۆرتىنىپ ئارمان بىلەن ئۆتسۇن دېدىڭمۇ ؟ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسا

بولمامدۇ ؟ مەن بۇ ئازاپقا قانداق چىدايمەن.....

قىرائەتنى بۇزىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاۋازىنى چىقارماسلىققا تىرىشىپ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغان شەھىدە تىلىقىپ تىلىقىپ يىغلايتى .دوستىنىڭ يۈزىنى ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ كۆرۈپ رازىلىق ئېلىۋالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ زارلايتى.

ـ شەھىدە ،تامىقىڭنى ئەكىردىم ۋاقتىدا يەۋال........

ـ شەھىدە ،بەك كەچ بولۇپ كەتتى ،ئەمدى ئۇخلا......

ـ شەھىدە ،نەرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ ،دوختۇرغا ئاپىرايمۇ ؟.....

ـ شەھىدە ،بىللە بارايلىچۇ ....سەن بارمىساڭ مەنمۇ بارمايمەن...

ـ شەھىدە ،ئوقۇش پۈتتۈرۈ بىر يەرلەردە ئىشلىيەلمىسەك قانداق قىلارمىز.........

ـ شەھىدە ،مەن ھازىر تولىمۇ بەختلىك ،سەندەك ئېسىل دوستۇم ،كاملدەك كۆيۈمچان يىگىتىم بار...

ـ شەھىدە ،مۇشۇ يەردە ئوقۇساڭ بولمامدۇ ،سەن كەتسەڭ سېنى سېغىنىپ كەتمەمدىم....

ـ شەھىدە قاچان قايتىپ كېلىسەن...

ـ شەھىدە ،مېنى تاشلاپ كەتمە.....

مانا بۇلار ئاشۇ شەھلا كۆزلۈك ناتىۋاننىڭ ئىلتىجالىرى ئىدى ،قېنى ئۇنىڭ نازۇك سىماسى ! ئايدەك رۇخسارى ! سەرۋىدەك قامىتى ! ئەشۇ سياھتەك قارا كۆزلەر ،جىنەستىدەك لەۋلەر ،سۈتتەك سۈزۈك چىرايلار ھازىر بۇ دۇنيادا يوق ،ئانا تۇپراق ئۇز قوينىغا ئالغان ،ئۇ ئەمدى كەلمەسكە كەتتى ،ھەممىنى تاشلاپ كەتتى.......

ھاياتنىڭ مەنىسى زادى نېمە ؟ بىرى كەلسە بىرسى كېتىدىكەن ،بىرى يىغلىسا بىرسى كۈلىدىكەن ، بىر ئاچلىقتىن ئىڭرىسا بىرسى توقلۇقتىن بۇزۇپ چاچىدىكەن ، تېخى بايىلا ئەسرا بولغان كىشى بىردەمدىلا بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدىكەن ..ھاياتنىڭ پەقەت بىر تىنىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ كىشىلەر بىر بىرسىگە قەست قىلىشىدىكەن ،ئۆز ئارا ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچىدىكەن ،باشقىلارنى

زار زار قاقشتىش بەدىلىگە ئۆزى كۈلۈپ يايرايدىكەن ، ھەممىلا ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا تۆت كۈنلۈك مېھمان ،دۇنيانىڭ ساراي ،ئىنساننىڭ كارۋان ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن ،كىم بىلىدۇ سىز بىلەن بىز مۇ قاچان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىمىز .......؟

شەھىدە زۇمرەتنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە تەسەللىي بېرىپ قايتىشنى ئويلىدىيۇ "زۇمرەت "تىلغا ئېلىنىشى بىلەن كۆز ياشلىرىنى باشقۇرالمىدى ، بۇ ئىش تاكى ئۇ زۇمرەتنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى . ئۇ دوستى ئۆزىگە قالدۇرغان خەت بويىچەكاملىنى ئىزلەپ يۇرتىغا باردى ،ئۇلار ئاددىيلا سالاملاشتى ،گەرچە شەھىدەنىڭ كاملىغا ئېسىلىپ قاتتىق بىر يىغلىۋالغۇسى بولسىمۇ قىزلىق ھايا ـ نومۇس ئۇستۇ كېلىپ ئۆزىنى تۇتىۋالدى .كامىل راستىنلا روھى چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك بولۇپ قالغان ئىدى ،بۇرۇنقى تېتىك ،جەزبىدار سالاپەتتىن ،كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كۆزلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى ،ئۇلار كامىل ئىشلەۋاتقان مەكتەپنى ئۇن ـ تۈنسىز نەچچە ئايلىنىپ بولدى ،ھەر ئىككىسىنىڭ قەلبىدە چەكسىز ئازاپ، ھەسرەت بار ئىدى ،كۆرۈشمىگىلى بىر يىلدىن ئاشقان ، نۇرغۇن گەپلىرى يىغىلىپ قالغان بولسىمۇ ھېچقايسىسى ئۈندىمىدى.

ـ ئۇھ ، ...ئاھ خۇدا ! كامىل ئېغىر تىنىشى بىلەن شەھىدە ئېسىنى يىغدى.

ـ نىمانچە ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتتىڭىز كامىل ؟

ـ تاشلاپ تاشلىماي نېمە بولماقچىدى ،تۆت كۈنلۈك جاھان ئىكەنغۇ بۇ ،كىم بىلىدۇ بۈگۈن تۇرۇپ ئەتە ئۆلۈپ قالامدىم تېخى.

شەھىدەنىڭ يۈرىگى قارتتىدە قىلىپ قالدى ،ئېغىزىمۇ گەپكەر بارمىدى ،كامىل يەنىلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ پەرۋاسىز كېتىۋاتاتتى.....

ـ ھازىر مەن ئۈچۈن ھەر قانداق ئىش بەرىبىر.. ئىشقىلىپ ھەممىسى ئالدامچىلىق ئىكەنغۇ ،ھېلىمۇ يىگىرمە نەچچە يىل ئۆزۈمنى ئالداپ يۈرۈپتىمەن ،ئەمدىلىكتە بولسىمۇ خىيالى يۈرۈپ باقاي ،.

ـ سىز بۇنداق دېسىڭىز پەقەت ياراشمايدىكەن كامىل ،ھايات دىگەننىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقى بولمىسا نىمە ئەھمىيتى قالىدۇ ،؟ شەھىدەنىڭ ياشلىرى ئاللا بۇرۇن ئۆزىگە بويسۇنمىغان ئىدى

،ئۆزىڭىزنىمۇ ،باشقىلارنىمۇ قەستەن قىيناپ نىمە قىلارسىز ،سىزگە ئوخشاش قەيسەر يىگىت بۈنچىلىك ئازاپقا بەرداشلىق بېرەلمەي ھەممىنى تاشلىۋەتسە باشقىلاردىن ئاغرىنمىساقمۇ بولغۇدەك.....

ـ مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئادەتتىكى ئادەم شەھدە ، ـكامىل تۇ يۈقسىزلا ۋارقىراپ كەتتى ـ ، تا ھازىرغىچە ئۆز ۋىجدانىمغا يۈز كىلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ باقمىدىم ،لىكىن بۇ دۇنيا ماڭا تولىمۇ رەھىمسىزلىك قىلدى ، مېنى ھىچكىم چۈشەنمەيدۇ ،ھېچكىم ،كامىل بېشىنى چاڭگاللىغىنچە تۇرغان يېرىدا ئولتۇرۇپ قالدى ،

ـ ئەمدى مەن قانداق قىلاي ،..قانداق قىلاي ؟ مەن پەقەت چىدىمىدىم ،بۇ زا دى نىمە ئۈچۈن ،نىمەھەر قېتىم چاقچاق قىلىپ تۇگىتىسەنغۇ سەن !ـ ئىلنۇر ئەينەك ئالدىغا كېلىپ ئۆزىگە مەسلىگى كەلگەندەك كۈمۈلسىرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .ئىشك يىپىلىشى ھامان شەھدە ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلاپ قويۇپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى ،گەرچە ئۇ ئاسانلىقچە يىغلاپ يۈرىيدىغان مىشچان قىزلاردىن بولمىسىمۇ مۇشۇ تۇرقىدا كۆز ياشلىرى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇنمايۋاتاتتى....

ـ ئەمدى نەگە بارغۇڭىز بار زۇمرەت ـ، سورىدى كامىل تاماقخانىدىن چىقىۋىتىپ.

ـ بۇ سوغۇقتا نەگىمۇ بارارمىز !؟ـ زۇمرەت يۈلتۇزسىز ئاسمانغا قاراپ قويدى ،گەرچە ئۈچىنچى ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ قەھرىتان قىش ئۆز كارامىتىنى يوقاتمىغان ئىدى ،تام گىرۋەكلىرىگە ،يول ياقىلىرىغا دۆۋلىنىپ قويۇلغان ئاللا بۇرۇن ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان قارلا ئىس تۈتەك بىلەن تولغان بۇ شەھەرنىڭ خېلى ۋاقىتلارغىچە قىش بوۋاينىڭ كونتروللىقىدا تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. سوغاق شامال يۈزلەرگە نەشتەردەك سانجىلاتتى ،بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقان بۈلۈتلار روجەكلىرىدىن لىپ قىلىپ كۆرۈنۈپ قالغان ئاي تارتىنچاق قىزلاردەك بىردەمدىلا قارا پەردە ئىچىدە غايىپ بولاتتى!

ـ ئۈنداقتا بىرەر تورتخانىغا كىرىپ پاراڭلاشقاچ ئولتۇرامدۇق ؟.. سوغاقتا توڭلاپ كەتمەڭ يەنە!

ـ ۋاي بەك تويۇپ كەتتىم ،بۈگۈنلا نەچچە كىلو سەمرىپ كېتىدىغان بولدۇم!

ـ مۇشۇ بىر ۋاق تاماققىما ؟! قىزلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ گەپنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەمدۇ نېمە ؟! ـ

كامىل ئۇنىڭ سەرۋىدەك بويىغا قايتا نەزەر تاشلىدى.

زۇمرەت بۈگۈن ئادەتتىكىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى ،سوغۇقتىن توغاچ شاپتۇلدەك قىزارغان يۈزلىرى ،بوستاندەك كىرپىكلىرى ،قارا چۈمپەردە بولۇپ تۇرغان سىياھتەك قارا كۆزلىرى ،ھال رەڭ خالى جۆر بولغان جىنەستىدەك لەۋلىرى ياقنى كۆتۈرىۋالغان ئاق رەڭلىك يۇڭ چاپىنى ئىچىدە خۇددى ئاق ئەتىرگۈلنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىكى غۇنچىسىغىلا ئوخشايتى ،چوققىسىدىن ئۆرىۋالغان چېچى ئۇنىڭ نازۇك سىماسىنى تېخىمۇ جەزبىدار قىلىپ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان ئىدى.

-سىز شۇنداق كېلىشكەن تۇرسىڭىز ،ئازراق سەمرىسىڭىز نېمە بولماقچىدى ؟!

زۇمرەتنىڭ يۈزى دەرھال ئوت ئالدى .يۈرەك سوقىشىمۇ ئىختىيارسىز تېزلىشىپ كەتتى ، كامىل ئۇنىڭ بۈيرۇقنى كۈتۈۋاتقاندەك تىكىلىپ تۇراتتى ،

-مەيلى ئەمسە كىرسەك كىرەيلى!

ئەمەلىيەتتە زۇمرەتنىڭمۇ ئۇتتەك كىرگۈسى بار ئىدى ،گەرچە قورسىقى راستىنلا تويۇپ كەتكەن بولسىمۇ مۇشۇ باناد ا ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن كۆپرەك بىرگە بولالايدۇ ،،ئاشۇ مېھرلىك كۆزلىرىگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ يۈرەك سىرلىرىنى تىڭشايدۇ ئەمەسمۇ !؟ مۇشۇ تۇرقىدا زۇمرەت ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق خوشاللىق يوق ئىدى .ئۇلار تورتخانىدا بىرەر سائەتتەك ئولتۇرۇپ قايتىپ چىقتى .گەرچە ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى يۈرەكنى تىترىتىدىغان نازۇك تېمىلارنى تەشمىگەن بولسىمۇ ،زۇمرەك كامىل بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇپ بۇنداق ياخشى پاراڭلاشقانلىقىدىن تولىمۇ وشال ئىدى ،چېھرىدىن كۈلكە ئۆچمەيتى .بايا تورتخانىدا كۆزلىرى كامىل بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ھەر ئىككىسىنىڭ تەمترەپ كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچقان كۆرۈنشنى ئەسلەپ تاتلىق خىياللار قاينىمىغا چۆمگەن زۇمرەت ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلماقتا ئىدى.

-رەھمەت كامىل ،بۈگۈن سىزنى بەك ئاۋارە قىلدىم ،!- دېدى زۇمرەت ياتاق ئالدىدا تاتلىق كۈلۈمسىرەپ.

-تەكەللۇپ قىلماڭ ،سىز خوشال بولسىڭىزلا بولدى ،

-بۈگۈن مەن بەك خوشال ،سىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ راستىنلا بەك خوشال بولدۇم ،زۇمرەت بۇ گەپلەرنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا دەۋەتتى..

-بالدۇرراق كىرىپ ئارام ئېلىڭ ،بۇ يەردە تۇرۇپ سوغاق ئۆتۈپ قالمىسۇن!

-ئۇنداقتا شەرت -،زۇمرەت كامىلنىڭ ياقىسنى تۈزەپ قويىدى ،سىزمۇ كىرىپلا ئارام ئالىسىز ،بۈگۈن كىتاپ كۆرۈشكە رۇخسەت يوق ،ھېرىپ كەتتىڭىز ،! -چوڭقۇر كۆيۈنۈش بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر كامىلنى مەست قىلىۋەتتى ،ئۇلارنىڭ سۆزلىرى يەنە ئۇچرىشىپ قالدى ،لىكىن ھېچقايىسسى بايىقىدەك كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچمىدى.

-ياخشى چۈش كۆرۈڭ ،!-زۇمرەت كامىلغا تاتلىق بىر تەبەسسۇم سوۋغا قىلىپ قويۇپلا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ياتاق بىناسىغا كىرىپ كەتتى ،كامىل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كىيىن ياتىقىغا قاراپ ماڭدى ، ئۇ ئۆزىدە ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان باشقىچە بىر سېزىم پەيدا بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى ،يۈرەكلىرى ئوتلۇق ھاياجاندىن ئويناشقا باشلىدى ، ئۇ ئۆزىنىڭ نىمىشقا بۇنداق تويغۇدا بولۇۋاتقانلىقنى بىلمەيتى ،بۇ خىل تۇيغۇ تۇنجى قېتىم شەھىدە بىلەن پاراڭلاشقاندىمۇ بولغان ،ئۇنىڭ قايىل قىلارلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتكەن ،شۇڭا ئۇ ئۆزىنى پەپىلدى ،بىز دوسقۇ دەپ ئۆز ھېسياتىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇندى ،لىكىن ياتاققا كىرگەندىن كىيىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككى قىزنىڭ سىماسى ئالمىشىپ ئۆتۈپ تۇرىۋالدى ،دېمىسىمۇ شەھىدە بىلەن زۇمرەت بىر بىرىدىن قېلىشمايدىغان ،ھەممە جەھەتتىن يېتىشكەن .كۆرگەنلا كىشىنىڭ كۆڭلى چۈشكىدەك قىزلار تۇرسا ،كامىلدەك ھېسياتنى قەدىرلەيدىغان ،مەسئۇلىيەتچان يىگىتنىڭ ئۇلار توغرىسىدا باشقىچە ئويلارنى قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس ،ھەتتا ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرىمۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىپ بولالماي كامىلدىن :" ئالا كۆڭۈللۈك قىلىۋاتىسەن ،ھەر ئىككىسىنى تەڭ چۆرگىلىتىپ ئەخمەق قىلىپ نېمە قىلىسەن ،سېنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنىمىز ...." دەپ ئورۇنسىز رەنجىدى .،

بەلكى ئۇلارنىڭ رەنجىشلىرىنىمۇ ئورۇنسىز دېگىلى بولماس ،لىكىن ۋىجدانى بىلەن ياشاپ

كېلىۋاتقان كاملىنىڭ راستىنلا ئۇنداق مەقسىتى يوق ، ھەر ئىككىسىنى ئوخشاش ياخشى كۆرىدۇ .ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ ،بىز پەقەت "دوست "دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدۇ .ھېسسىياتىنى كونترول قىلىدۇ ،ئارتۇقچە ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ،قايسىسىغا بەكرەك كۆڭلى بارلىقىنى ئېنىق بىر نىمە دىيەلمەيدۇ ،ئەمما بۈگۈن ئۇنىڭدا باشقىچە تۇيغۇلار پەيدا بولىۋاتاتتى.

ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى ئۇلارنىڭ مەكتەپ بىلەن بېجىرىدىغان رەسمىيەتلىرى كۆپ بولغاچقا ئۇلار ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈردى .گەرچە كامىل بىر قانچە قېتىم ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ لىكىن شەھىدە ھەر خىل سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ زۇمرەت بىلەن بىرگە چىققۇلى ئۇنىمىدى ،ھەتتا ئالدىن كېلىشىپ قويغان چاغلاردىمۇ "مۇھىم ئىشىم چىقىپ قالدى " دەپ ۋەدىسىدە تۇرمىدى ،بۇ ئىش كامىل بىلەن زۇمرەتنى سەل ئەجەپلەندۈرۈپ قويغان بولسىمۇ ئۇلار تەبىئىيلا يېقىنلىشىپ باشقىلارنىڭ مەسلىگىنى قوزغايدىغان بىر جۈپلەرگە ئايلىنىپ قالدى ،گەرچە زۇمرەت ئالەمچە خوشاللىققا چۆمگەن بولسىمۇ كۆڭلىدە بىر تەشۋىش بار ئىدى ،

شەھىدەنى تاشلىۋەتكەندەك ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوسلۇقى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ ئىچ ـئىچىدىن خوشال بولالمايۋاتاتتى ، بىر كۈنى ياتاقتا ئىككىسى يالغۇز قالغان پۇرسەتتە زۇمرەت شەھىدەگە تىكىلدى.

ـشەھىدە ھېلىمۇ مېنى يېقىن دوستۇڭ قاتارىدا كۆرەمسەن ؟ راستىڭنى دېگىنە ؟ !

كىيىملىرىنى يىغىشتۇرىۋاتقان شەھىدە چۆچىگەندەك بېشىنى كۆتۈردى.

ـتۇيۇقسىزلار نىماندىلاق گەپلەرنى قىلىسەن ؟ شۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ ؟!

كۆڭلۈڭنى ئاغرىتىدىغان بىرەر ئىش قىلىپ قويدۇمۇ يە ؟!

ـبۇنى مەن سەندىن سورىسام توغرا بولىدۇ ،ماڭا سەن ئۆزۈڭنى بىزدىن قەستەن قاچۇرىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى ،

ـكىم شۇنداق دەيدۇ ؟ ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلمىغىنە ئاداش ـ! شەھىدە ئۆز ئىشىغا كىرىشتى.

ـمەن چاقچاق قىلمىدىم ،كاملىمۇ شۇنداق دەيدۇ ،نىمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمنى گۇناھكاردەك ھېس

قىلىدىغان بولۇپ قالدىم ،-زۇمرەتنىڭ كۆزىگە مۆلىدە ياش كەلدى ،مېنىڭ مۇھەببەتلىشىپلا دوستۇمنى تاشلاپ قويغۇم يوق ،!

-ۋاي ۋۇي زۇمرەت -، شەھىدە دوستىنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى ،- بىز دىگەن شۇنداق يېقىن دوست تۇرساق ،سەندىن نىمشقا رەنجىگۈدەكمەن ،قالايمىغان خىياللارنى قىلمىغىنە ،ئاللا بۇيرىسا بۇندىن كىيىنمۇ چوقۇم ئەڭ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتىمىز ،!- شەھىدەنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى.

-ئۆزۈممۇ نىمە ئىشلىكىنى بىلمىدىم ،كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى قاراڭغۇلۇق ،خۇددى بىرەر ئىش بولىدىغاندەك ،سەندىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەكلا ، ......ئوقۇش پۈتتۈرگىلى ئاز قالغاچقىمۇ يە ھېچ ئۇقمىدىم .... زۇمرەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى ،شەھىدەنى چىڭ قۇچاقلىدى ..ئىككى قەدىناس دوست ھېچ سەۋەپسىزلا ئېسىلىپ يىغلاشتى.....

ئۇلار ئاخىرى ئوقۇش پۈتتۈردى ،،ئۇزاق ئۆتمەي كامىل بىر شىركەت بىلەن توختام تۈزۈپ ئىشقا چۈشتى .زۇمرەتمۇ شەھىدەنىڭ دادىسىنىڭ ياردىمىدە نۇقتىلىق بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئورۇنلاشتى ،شەھىدە ئۆزىنىڭ داۋاملىق ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپ دادىسىدىن زۇمرەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنگەن ئىدى ،گەرچە زۇمرەتنىڭ ئائىلە ئىقتىسادى يامان ئەمەس ،ئۆزىمۇ ياخشى ئوقۇغان بولسىمۇ لىكىن دادىسى يوق ،ئاپىسى كىسەلچان بىر ناتىۋان قىزنىڭ بۇ چوڭ شەھەردە دەرھال خىزمەت تېپىشى تەس ئىدى ، ئۇ چاغدا كامىل بىلەن ئىككىسىنىڭ ئىشلىرىمۇ تەسكە توختايتى .ھە ر ھالدا بۇ ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولدى ،شەھىدەنىڭمۇ كۆڭلى تىندى ، ئۇ زۇمرەت بىلەن كامىلنىڭ بارغانسىرى چوڭقۇرلىشۋاتقان مۇھەببىتىگە قاراپ ئۇلارغا مەستلىكى كەلدى ،ئۇلارغا چىن دىلىدىن بەخت تىلىدى ،ئەڭ يېقىن ئىككى دوستى ئۈچۈن خوشال بولدى ،لىكىن بۇ خوشاللىقنىڭ كەينىگە پەقەت شەھىدەگىلا مەلۇم بولغان چەكسىز ئازاپ ،تۈنجى مۇھەببىتىدىن قېلىپ قالغان يۈرەك زىرىسى يوشۇرۇنغان ئىدى.... كەسىپتە نەتىجە قازىنىش ئارقىلىق ئۆز ئازابىنى يەڭگىللەتمەكچى بولغان شەھىدە پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ماگىستىرلىق ئىمتاھانىغا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى....

تېپىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كاملىنىڭ بېلىكىدىن تۇتۇپ كېتىۋاتقان زۇمرەت تولىمۇ خوشال ئىدى ،كاملىدەك يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئويلىغانسىرى خوشاللىقى ئىچ ئىچىگە پاتماي كېتىۋاتاتتى.

ئەگەر چىك تۇتىۋالمىسا بەخت قۇشى ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇرۇپلا ئۇنىڭ بېلىكىنى سىقىپ قوياتتى ،كاملىنىڭ كەيپى زۇمرەتنىڭكىدىنمۇ چاغ ئىدى ،ئۇلار تېخى بايىلا تويى قىلىشقا پۈتۈشتى ،گەرچە زۇمرەت تويى قىلىشنى بالدۇر دەپ ئويلىسىمۇ كاملىنىڭ ئوتتەك يالقۇنلۇق مۇھەببىتى ،كەلگۈسى بەختىگە بولغان چەكسىز ئۈمۈت ۋە ئىشەنچ ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېنىق بولمىغان غەم ئەندىشىلىرىنى ئاللا قاياقلارغا ئۇچۇرۇپ ئالدىغا قاراپ مەغرۇر مېڭىشقا ئۈندىدى.

ـ بۈگۈن ھاۋا ساپ دېدى ـ، دېدى زۇمرەت خۇددى جىنەستە چېچىكىدەك غۇچچىدە يۇلتۇزلار بىلەن تولغان ئاسمانغا قاراپ ،ـ ئۇزاق بوپتىكەن بۇنداق كۆپ يۇلتۇز كۆرۈپ باقمىغىلى ،قىش پەسلى بۇنداق كۈنلەرنى ئۇچراتماق تولىمۇ تەس!

ـ مەلىكىسى تويى قىلمەن دەۋاتسا كىنىزەكلىرى تەنتەنە قىلمىسا بولامدۇ ؟!

قاراڭ ئۇلار سىزنى تەبرىكلەۋاتىدۇ ،قارىغاندا ھەممىسى تولۇق كەلگەن ئوخشايدۇ ،ئۆزىڭىزگە ئوخشاش گەپ ئاڭلايدىغان قىلىپ تەربىيلەپسىزدە بۇلارنى!

ئۇنىڭ تاتلىق سۆزلىرىدىن زۇمرەنىڭ دىلى يايراپ كەتكەن بولسىمۇ قەستەن تۈمشىقىنى ئۇچلىدى ،

ـ مېنى ئايىغا ئوخشۇتۇپ ماختاپ قويۇپلا گۇناھىڭىزدىن چاقماقچىمۇ سىز ،!

ـ گۇناھىمدىن كەچسىلە مەلىكە ،تۇنۇگۈن راستىنلا ئىشىم چىقىپ قالدى ،بولمىسا بۇ پۇرسەتنى ھەرگىز ئۆتكۈزىۋەتمەيتىم ،ـ،كامىل راستىنلا مەلىكە ئالدىدا گۇناھىنى تىلەۋاتقان گۇناھكاردەك قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ تەزىم قىلدى ،ئۇنىڭ چاندۇرماي ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن زۇمرەت ئۇنىڭغا ماسلاشتى.

ـ باھانە سەۋەپ كۆرسىتىشكە رۇخسەت يوق ، خاتالىقىڭىزنى تونىدىڭىزمۇ ؟

زۇمرەتمۇ قەستەن ئىككى قولى بىلەن بىلىنى تىرەپ مەغرۇرانە سۆزلەۋاتاتتى.

-تونۇدۇم مەلىكەم ،گۇناھىمنى قانداق يۇيسام بولاركىن ؟

-ئۇنداقتا....

زۇمرەت ئويلىشىپ تۇرغان پۇرسەتتە كامىل" كاپ "لا قىلىپ ئۇنى كۆتۈرىۋالدى ،چۆچۈپ كەتكەن زۇمرەت تىۋۇلىۋەتتى.

-ۋاي نېمە قىلىۋاتىسز كامىل .!!! ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى ئويناپ كەتكەن ئىدى ،-بولدى ،بولدى ،گۇناھىڭىزدىن كەچتىم ،مېنى چۈشۈرىۋېتىڭ ،؟!

-گۇناھىم ئېغىر ،مەلىكەم ،بىردەم كۆتىرىۋالاي.....

-سەت تۇرىدۇ ،بولدى چۈشۈرىۋېتىڭ ،ھېرىپ كېتىسىز...

-ياق ،ھۆكمىرانلىق قىلىش پۇرستى ئەمدى ماڭا كەلدى ،- ئۇ زۇمرەتنىڭ بېشىغا يېنىك ئۇسۇپ قويدى ،- مۇشۇ كۆتۈرگەن پېتى ياتىقىڭىزغا ئەكىرىپ قويىمەن.

-جېنىم كامىل ئۇنداق قىلماڭ ،...سىز نېمە دېسىڭىز شۇ ،باشقىلار كۆرسە خىجىل بولىمەن..

-بوپتۇ ئەمىسە ،لىكىن جازاسى بار جۇمۇ ، كامىل زۇمرەتنى چۈشۈرگەچ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

-ئەسكى.... زۇمرەت كامىلنىڭ بېلىكىگە ئۇرۇپ قويۇپ يەنە قولتۇقلىۋالدى.

-تۈنۈگۈنكى تۈنجى قار راستىنلا بەك پەيزى ياغقان ئىدى ،كېلىپ قالسا ئايلىنىپ كېلەرمىزمىكىن دەپ تاما قىلىپ سائەت 10غىچە ساقلىدىم.

-مېنىڭغۇ شۇنداق ئوتتەك كەلگۈم بار ئىدى ،شەھەدە بىلەن چىقسىڭىز بولمامتى ؟!

-ئۇ ھازىر بەك ئالدىراش ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ قارىغا مەندىمۇ ئامراق ، بۇنداق كۈنلەردە ئۇنى تاپقۇلى بولمايدۇ!.

-ھە راس زۇمرەت دېدى كامىل جىددى قىلىپ ،- شەھەدە بەكلا جۇدەپ كېتىپتۇ ،ئالدىنقى كۈنى ئۇچرىشىپ قالغان ئىدۇق ..بەك چارچاپ كەتتىمۇ قانداق !؟

-ئۇ ھازىر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىمتاھانغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ ،بەك ئالدىراش ،مەنمۇ ئۇنى ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

ـ ئىككىمىز يۈرگەندىن كېيىن ئۇ تاشلىنىپ قالدى ،مەن خۇددى سىزنى تارتىۋېلىپ ئۇنى يالغۇز قويغاندەك خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالدىم ،ئۇنىڭغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلسەك بولاتتى.

ـ مەن بۇلارنى بۇرۇنلا ئويلىغان ،بەزىدە بەك ئارلىقتا قالىمەن ،ـ زۇمرەت يېنىك تىنىپ قويدى ـ، سىز بىلەن كۆرۈشكىلى بىللە چىقىلى دېسەم سىلەرگە پۇتلىكاشاڭ بولۇپ قالىمەن دەپ پەقەتلا ئۇنىمايدۇ ،شۇنداق چاغلاردا ئۇنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كەتكۈلى چىدىماي قالىمەن ،سىز بىلەن كۆرۈشكىلى چىقماي دېسەم سىزگە چىدىمايمەن ،ئۇ مېنى دەپ ياتاقتا يېتىۋاتسا مەن سىزنى دەپ ئۇنى يالغۇز قويىۋاتىمەن.

ـ شەھىدە بۇنداق يالغۇز يۈرىۋەرمىسە بولاتتى ،ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ئويلايدىغان ،كەلگۈسى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى ،كامىل بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك زۇمرەتكە قارىدى.

ـ مېنىڭ شۇنداق ياخشى بىر دوستۇم بار ، ئىككىسى تازا ياخشى ماسلىشىدۇ ،تونۇشتۇرۇپ قويايلىمۇ يە ؟

ـقانداقراق بولاركىن جۇمۇ ،شەھىدەنىڭ كەينىدە يۈرگەن يىگىتلەرمۇ ئاز ئەمەس ،لىكىن ئۇنىڭ پەقەتلا كارى يوق ،مەن گەپ قىلسام ": مېنىڭ ھازىرچە ئۇ ئىشلارنى ئويلاشقۇم يوق دەپ پەقەتلا يېقىن كەلمەيدۇ ،تولا دەۋرىپ ھېرىپ قالدىم.

ـ ھەي بىرەرسىگە يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈردىمۇ تېخى ؟ـ كامىل شەيتانلىق بىلەن كۈلدى ،يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان قىز بالىدا بىرەر ئوغول بالىغا نىسبەتەن كۆڭۈل بولماسلىقى مۇمكىنمۇ ؟ !

"يوشۇرۇن كۆيۈش مەخپى ئازاپ ،شۇنچە تاتلىق لەززىتى "دەپ ئۇ شۇ خىل تاتلىق لەززەتتىن بەھىرلىنىپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە ! سىز بەكرەك سوراڭ جۇمۇ يەنە.

ـ توۋا دەڭە ؟ ـ!زۇمرەت ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى ،خۇدايىم ساقلىسۇن ئۇنداق يوشۇرۇن كۆيۈپ قېلىشتىن!

خۇددى سىز ئەينى ۋاقىتتا ماڭا كۆيۈپ يۈرگەندەكمۇ ؟ تازا پەيزى بولار بولغىيتى ؟! ـ ئۇ قەستەن

زۆمرەتنىڭ چىشىغا تەگدى.

-ئۆتەپ بېرىڭە ،كىم شۇنداق دەيدۇ ؟ كاملىنىڭ بىلىكىدىن قولنى ئاجرىتىۋالغان زۆمرەت تېزلىك بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئالدىدىكى يەردىن بىر ئۈچۇ م قارنى ئېلىپ كاملىغا قاراپ ئاتتى.

-ھە ،مانا ئەمىسە...

قار پومزىكى تەييارلىقسىزلا تۇرغان كاملىنىڭ يۈزىگىلا تەگدى.

-يەنە شۇنداق قىلىپ بېقىڭە ، زۆمرە كىچىك قىزلاردەك قاچتى ،

-خەپ توختاڭ سىزنى قارغا كۆمۈۋەتمەيدىغان بولسام!

مۇشۇ تۇرقىدا ئۇلار ئاپئاق گۈللەر ئارىسىدا قوغلىشىپ يۈرگەن بىر جۈپ كېپىنەككە ئوخشايتى ،چىراغ نۇرىدا يەرگە چېچىلغان ئەينەك پارچىسىدەك چاقناۋاتقان ئاپئاق قار كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى ، پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ،تەبىئەتنىڭ قىشقا بەرگەن بۇ سوۋغىسى بارلىق پاسكىنچىلىق ۋە رەزىللىكنى يوشۇرماقچى بولغاندەك بۇ ئاۋات شەھەرگە ئاق لىباستىن تون كەيدۈرۈپ كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالغاندى ،گەرچە قاردىن كېينكى سوغان بەدەنگە نەشتەردەك سانجىلسىمۇ بۇ گۈزەل مەنزىرە ئالدىدا ھېچنىمگە دال بولالمايتى.....

زۆمرەت ياتاقتا بېرىلىپ كىتاپ كۆرۈۋاتقان شەھدەنى چۆچۈتۈش ئۈچۈن تۇيدۇرماي كىرىپ ئاستا ئۇستەل يېنىغا كەلدى ،

-ھەي!!!!!!!!!!!!!

-ئاپا ،شەھدە توۋلىۋەتتى.

-ئۇف ھەجەپ قورقۇتتۇڭ زۆمرەت ، نىمانداق جىندەك پەيدا بولىسەن ؟

-مەن جىن، سەن ئالۋاستى ،!- زۆمرەت كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى.

-قانداق كىردىڭ ؟- ئىشىك ئوچۇقمىكەن ؟

-ۋاي جىنىم ،كىتاپقا قارىسىڭىز ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىدىكەنسىز ،مۇشۇ پېتى بىرەرسى كۆتۈرۈپ ئەپچىقىپ كەتسىمۇ تۇيمىغىدەكسىز ؟

سىرىت سوغاقتۇر ھەقاچان ،؟ شەھىدە كىرىلىپ قويىدى.

-ھە ئە بىر ئا ز سوغاق ،لىكىن ھاۋا شۇنداق پەيزى ،يۈلتۈز بەك كۆپ چىقىپتۇ ،توڭلاپ كەتمىگەن بولسام كىرىپ كەتمەيتىم ،

-يېنىڭدا كامىل تۇرسىمۇ توڭلاپ كەتتىڭمۇ ؟.... ھاۋاغا ئەمەس كامىلغا قىيالماي قالغانسەن ؟ شەھىدە دوستىنىڭ ئېلىپتەك بۇرنىنى چىمدىپ قويىدى.

-ۋۇ قىلىن ،ئۇلار بىر دەم غىدىقلىشىپ كۇلۇشكەندىن كىيىن كارۋاتتا ئوڭدىسىغا ياتتى.

-شەھىدە دېدى زۇمرەت جەينىكى بىلەن تىزلىنىپ تۇرۇپ ،قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرۈيسەن ،بىرەرسى بىلەن ئارلىشىپ باقساڭ بولاتتى.

شەھىدە ئۇندىمىدى ،ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمىۋالغان ئىدى.

-كامىلنىڭ ب شۇنداق كىلىشكەن ھەم ياخشى بىر دوستى بار ئىكەن ،ساڭا تونۇشتۇرۇپ قويايلى دەيدۇ ،كۆرۈشۈپ باقامسەن ؟

-بولدىلا ئاداش ،مېنىڭ ھازىر ئۇ ئىشلارنى ئويلىغۇم يوق ،كىيىنچە بىر گەپ بولار!

-ماڭا قارا ،زۇمرەت ئۇنى تۇرتىدى ،ئۇ بالىنى بەك ياخشى دەيدۇ ،كەتكۈزۈپ قويما يەنە ؟

-قويغىنە ،كىم بىلىدۇ ؟!- شەھىدە كۆزىنى ئېچىپ تورۇسقا تىكىلدى ،

-خۇدايىمنىڭ ماڭا ئاتاپ قويغىنىمۇ باردۇر ،ھازىر ئارتۇقچە كۈچىگەننىڭ پايدىسى يوق ،ۋاقتى سائىتى كەلگەندە قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

-ھەي ،ئۇ كامىلنىڭ دوستى بولغاندىن كىيىن چوقۇم ياخشى.

-كامىل دىگەن كامىل ،دوستى دىگەن دوستى ،شەھىدە قانداقلارچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمىدى ،ئاۋازىمۇ قاتتىق چىقىپ كەتكەن ئىدى.

-ۋاي ۋۇي ئوماق زۇمرەت ،گەپتە كەتكۈزۈپ قويغان شەھىدە دەرھال دوستىنى قۇچاقلاپ ئەركىلىتىشكە باشلىدى.

-تاتلىق دوستۇم ،مەن ئاۋۋال ئىمتاھان بېرىۋالاي ،كۆرۈۋاتىسەنغۇ ھازىر مەن بەك ئالدىراش

،كىينچە بىر گەپ بولسۇن بولامدۇ ؟ شەھدە تۇمشۇقىنى ئۈچلىدى ، ماڭا سەن بولساڭلا بولىدۇ

،ئەمدى سەنمۇ مېنى چۈشەنمەمسەن!

-مەيلى ئەمسە زورلىماي ،زۇمرەت يېنىك تىنىپ قويدى .

شەھدەنىڭ بۈرۈندىن زېھنى ئۆتكۈر ،ئەقىللىق قىز ئىدى ،بۇ قېتىقىمۇ ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىكار

كەتمىدى ،ماگىسترلىق ئىمتاھانىدىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى ،لىكىن بۇ خەۋەر كەلگەندە

ئۇنى خوشاللىق ،تىڭىرقاش ،تەئەججۈپ تۇمانلىرى چىرمىۋالدى.

خۇددى بۇ مۇقەررەر بولۇشقا تېگىشلىك قانۇنىيەتتەك چەكسىز خوشاللىق ئارزۇ-ئارمان قوينىغا

تاشلىيالمىدى ،نىمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى يېرىم ئىدى ،ئۇ ئۆز ئۆزىدىن ئەجەپلەندى:

"نېمىگە كۆڭلۈڭ يېرىم ،شەھدە ؟

بۇ سەن ئۇزۇندىن بېرى كۈتۈپ كېلىۋاتقان كۈن ئەمەسمىدى ؟ مانا بۇ تىرىشچانلىقىڭنىڭ

،ئاقكۆڭۈللۈكىڭنىڭ نەتىجىسىغۇ ؟سەن ئاتا -ئاناڭغا ،دوستلۇرۇڭغا ،ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈڭگە

،ۋىجدانىڭغا يۈز كېلەلەيسەن . ئۆزۈڭدىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقسەن ،يەنە نېمە ئۈچۈن خوشال

بولمايسەن ،ئەجەپ تېخى كامىلدىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەيۋاتامسەن ،دوستۇم ئۈچۈن قىلغان

ئىشلىرىڭدىن پۇشايمان قىلىۋاتامسەن ؟ ئۇنداقتا بوپتۇ ،پەقەت چىدىيالمىغان بولساڭ بار ،ئۇنى

دوستۇڭنىڭ قولىدىن تارتىۋال ،سېنىڭمۇ بەختتىن بەھرىمان بولۇش ھوقۇقۇڭ بار........!

"ياق شەھدە ،سەن ئۇنداق ئىچى تار ،باشقىلارنىڭ قايغۇسى بەدىلىگە ئۆزۈڭ خوشاللىققا

ئېرىشىدىغان قىز ئەمەس،تۇرمۇشنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىق -چۈچىكى بولمىسا نېمەلەززىتى ،ئەجەبا

دوسلۇق ئۈچۈن قۇربان بېرىش ئارتۇقچىمۇ ؟ ياكى ئۇلار قۇربان بېرىشىڭگە ئەرزىمەمدۇ ؟ سەن دائىم

ئاقكۆڭۈل ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ ،ياخشى جاۋاپقا ئېرىشىدۇ ،مەن بەزىلەردەك ئۆزۈمنىڭ

ئاقكۆڭۈللۈكىدىن ئەخمىقانىلىك ھېس قىلمايمەن ،تېخىمۇ ئاقكۆڭۈل قىز بولۇشقا تىرىشىمەن ،بىر

كۈنلەر چوقۇم مۇرادىمغا يېتىمەن ......" دەيتتىڭغۇ ؟

شەھدە توختىماي ئۆزىدىن سوئال سورايتى ،بەزلەيتى ،تەسەللىي بېرەتتى.

شەھىدەنىڭ ئاتا ئانىسى ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى ،ئۇنىڭ ئىمتاھاندىن ئۆتكەنلىكى ئۇلارنى تولىمۇ خوشال قىلدى ،ئۇلار كۆڭلىدە ئەقلىۇ- هوشى جايىدا،ۋاپادار ،پەرىشتىدەك بىر قىزنى ئاتا قىلغان ئىگىسگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيىتتى....

شەھىدە ئىچكىرىگە ،ماگىستىرلىق ئوقۇشقا ماڭغان كۈنى زۇمرەت ئىككىسى پويىز ئىستانسىسىدا خۇددى بىر سىگە ھازا تۇتقاندەك قاتتىق يىغلاشتى ،گەرچە زۇمرەتنىڭ دوستىنى كۈلۈپ ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئۇزاتقۇسى بولسىمۇ نىمە ئۈچۈندۇر ئىچ- ئىچىدىن ئۆكسۈپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالمايۋاتاتتى...

-بۇ نىمە قىلغىنىڭىز زۇمرەت ! - كامىل ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى ، شەھىدە كەلمەسكە كەتمىدى ،قاراڭ زۇلپىيە ھەدەم ئارانلا تۇرىۋاتىدۇ ،سىز بۇنداق قىلسىڭىز ئۇلارنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولمامدۇ ؟ ئۆزىڭىزنى تۇتىۋېلىڭ!

-كەچۈرۈڭلار ..ئەسلىدە بۇنداق قىلماسلىقىم كېرەكتى ،دېدى زۇمرەت ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ ، توۋا ،ساراڭمۇ مەن ،بۇگۈن دىگەن خوشاللىق كۈن تۇرسا سىنى كۈلۈ پ ئۇزاتماي كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىپ يۈرگىنىمنى قارا ،قارىغا ندا سىنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئوقۇۋىرىپ كىيىن داڭلىق شەخس بولۇپ كېتىشىڭگە چىدىيالمايۋاتقان ئوخشايمەن ، ئۇ كەيپىياتنى تەڭشەشكە ئۇرۇندى ،.ھەي غەلىتە قىز بولدۇمغۇ مەن چاياندەك.

-چاياندەكمۇ ؟ شەھىدە زۇمرەتنىڭ بىلىكىنى يىنىك چىمدەك قويدى .چاياننىڭ دوستى نىمە بولماقچىدى. ،،...بولدى ئوچۇق دەۋەرگىن ،شۇنداق قىلىپ سەن مىنىمۇ چايان دىمەكچىمۇ سەن ،.ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشتى ،نىملا دىگەن بىلەن ئايرىلىش دە بۇ ،

گەرچە ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا كۈلكە بولسىمۇ لىكىن كۆزلىرىدە يىغا يامرايتى .بۇنىڭدىن ئەلبەتتە كامىلمۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.

-كەچۈرۈڭ شەھىدە ،-دېدى كامىل زۇمرەت تازلىق ئۈيگە كىرىپ كەتكەن پۇرسەتتە ،

-بىر قانچە كۈندىن بۇيان زۇمرەتنىڭ تازا مىجەزى يوق ،كەيپىياتىمۇ ياخشى ئەمەس ،بەلكى

سىزدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي شۇنداق بولغاندۇ ،شۇڭا بۈگۈن پەقەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى.

-زۇمرەتنى سىزگە تاپشۇردۇم كامىل - شەھىدە چوڭقۇر نەپەس ئالدى ،ئۇ تېپىلماس ياخشى قىز ،ئۇنى ئاسراڭ ،ئۇنىڭ بۇ يەردە سىزدىن باشقا يېقىن ئادىمى يوق ،ئەمدىلىكتە مەنمۇ كەتمەكچى بولىۋاتىمەن ،ئۇ بارلىق خوشاللىقنى ،خاپىلىقنى سىزدىن تاپىدۇ ،ئەلۋەتتە سىزمۇ بۇنداق گەپلەر كەتمەيدىغان ئېسىل يىگىت ،شۇنداقتىمۇ ياشلىقتا ئۇنداق بۇنداق سەۋەنلىكتىن خالىي بولالمايدىكەنمىز ،مۇھەببىتىڭلارنى قەدىرلىشىڭلارنى ئۈمۈت قىلىمەن . شەھىدە كۆزلىرىگە يىغلىپ قالغان ياشنى زورىغا يۇتىۋەتتى ،ۋاقتىڭلار چىقسا بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ تۇرۇڭلار ،ئاتا ئانام سىلەرنى ئۆز بالىسىدەك كۆرىدۇ ،ئىنىممۇ سىزگە بەك ئامراق!

-بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇڭ ،ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ!

پويىز قوزغالدى. شەھىدە كۆزلىرىدە ياش ،ئېغىزىدا كۈلكە ئۇلار بىلەن خوشلاشتى . غۇيۇلداپ كەتكەن پويىزنىڭ كەينىدىن خېلى بىر جايلارغىچە يۈگۈرگەن زۇمرەت خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بولۇپ قالدى......

باشقىچە مۇھىتنىكى جىددى تۇرمۇش شەھىدەنى باشتا خېلىلا تەمترەتكەن بولسىمۇ ئۇ تېزلا ئۆزىنى ئوڭلاپ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋالدى ،ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزىنى خۇددى يېڭىلا ئوقۇشقا كىرگەن ئوقۇغۇچىدەك ھېس قىلىپ قالدى ،ئىلگىرى نۇرغۇن ۋاقىتلىرىنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزىۋەتكەنلىكىگە ئۆكۈندى ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى چىدامچانلىقى ،ۋاقىتنى قەدىرلىش روھى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلدى . ئۇ ئۆزىنى خېلى ئىشلارنى قىلالايدىغان ،باشقىلارنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك يارامىلىق قىز دەپ ئىشىنەتتى ،لىكىن دەسلەپتىلا يولۇققان نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭغا ئاساسىنىڭ تېخى تولىمۇ ئاجىزلىقىنى ،باشقىلاردىن نەچچە ھەسسە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىملىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

گەرچە ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا تولىمۇ غېرىپلىق ھېس قىلغان ،يۇرتىنى ،مېھرىبان ئاتا ئانىسىنى ،جان جىگەر دوستلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كەلگەنلىكىن پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ يەنىلا ئۆز

غەيرىتىگە تايىنىپ ھەممىنى يېڭىپ كەتتى .بۇ خىل تۈرمۈشقىمۇ ئاستا-ئاستا كۆنۈپ كەتتى...

ئۈنىڭ كۈنلىرى تولىمۇ ئالدىراش ئۆتەتتى ،ھەر كۈنى ئەتىگەن چىقىپ كەتسە كەچ سائەت 11لەردە قايتىپ كىرەتتى ،بارىدىغان يېرى كۈتۈپخانا ،ئاشخانا ياتاق ئىدى ،بۇرۇنقىدەك بىردەم يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان ،بىكارچىلىقتا كوچا ئارلايدىغان ئەيىنەككە قاراپ ئۇ يەر بۇ يەرلىرىنى تۈزۈشتۈرۈپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان ئىشلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى ،كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتىۋەردى ،كامىل زۇمرەتلەر بىلەن تېلىفون ئارقىلىقلا ئانچە مۇنچە پاراڭلىشىپ تۇردى ،ئۇ ئىككىسىنىڭ -5ئايدا بولىدىغان تويىغا ئۇلگۈرۈپ بېرىشقا ۋەدە بەردى ،زۇمرەت شەھىدەنى قولداش قىلىش ئۈچۈن تويىنى ئۇ كېلەلەيدىغان بايرامغا توغۇرلىغان ئىدى..

شەھىدە زۇمرەتنىڭ تويىغا نېمە سوۋغا قىلىشنى ئويلىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىزلا تويىنىڭ كىچىكتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى ، شەھىدە سەۋەبىنى سورىغاندا زۇمرەت: ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كېيىنرەك توي قىلىشنى ئوتتۇرغا قويغانلىقىنى ئېيتتى ، شەھىدە بەك ئالدىراش بولغاچقا بىر ھېساپتا بۇمۇ ياخشى بوپتۇ دەپ ئويلىدى ،ئەتىلدە قايتماقچى بولغان بولسىمۇ لىكىن مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسىغا ياردەمچى بولۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن قايتىيالمىدى ،يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىپ شەھىدەنىڭ ئالدىراشلىق كۈنلىرى يەنە باشلاندى ، ئۇ ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى ،ھەتتا ئاتا -ئانىسى ،زۇمرەتلەر بىلەن پاراڭلىشىدىغان پۇرسەتلىرىمۇ ناھايىتى ئاز چىقاتتى ،بىر كۈنى چۈشلۈك تاماققا كىيىم ماڭغان شەھىدە دوستى بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئىككى ھەپتە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ دوستىغا تېلىفون قىلدى ،لىكىن زۇمرەتنىڭ تېلىفونى ئۇلانمىدى ،كاملىغا قىلىۋىدى ئۇنىڭمۇ ئېلىنمىدى .شەھىدە سائىتىگە قارىدى ،زۇمرەت ئىشتىن چۈشۈشكە بالدۇر ئىدى ، ئۇ شۇنىڭ بىلەن زۇمرەتنىڭ ئىشخانىسىغا تېلىفون قىلدى.

-ياخشىمۇ سىز ،زۇمرەت مۇئەللىم بارمىدۇ ؟!

-زۇمرەت ..مۇئەللىم ....قارشى تەرەپ جىمىپ قالدى.

ـ ھە ..دەرسكە چىقىپ كەتتىمۇ يە ؟ ئۇنداقتا.

ـ ھە ..ياق ، ئۇ قازا قىلىپ كەتتى.

ـ نېمە ! نېمە دېدىڭىز ،بۇ مۇمكىن ئەمەس ؟! ـ شەھىدە قاتتىق توۋلىۋەتتى ،

ـ كەچۈرۈڭ ...ئۇ راستىنلا ئىككى كۈن ئىلگىرى قازا قىلىپ كەتتى.

ـ ياق ،قانداقسىگە بۇنداق بولىدۇ ،

شەھىدە نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى ،يۈرىكى ئېغىزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ نەپەس ئېلىشىمۇ تەسلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

"زۇمرەت ....زۇمرەت ،بۇ زادى نىمە ئىش ؟ ئۇنىڭغا زادى نىمە بولدى.

ئاپا ..ئاپا ،بۇ چوقۇم يالغان ،........شەھىدە ئۆز ئۆزىگە سۆزلىگەچ ملك تەسلىكتە ئۆيىگە تېلفون قىلالىدى.

ـ ئاپا ،نېمە ئىش بولدى ،زۇمرەتكە نېمە بولدى ؟ شەھىدەنىڭ ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ ئىدى ،يۈز كۆزلىرى ئاللا بۇرۇن توختىماي چۈشۈۋاتقان ياشلىرى بىلەن يۇيۇلغان ئىدى ،بېشى چىڭقىلىپ ھازىرلا پارتىلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ـ قىزىم ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال ،بولغىلىق بولدى ،شەھىدەنىڭ ئاپىسى يىغلاشقا باشلىدى..

ـ ياق ئاپا ،بۇ مۇمكىن ئەمەس ،مېنى ئالداۋاتىسلەر...

ـ ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ قىزىم ..بىزمۇ....

شەھىدە يىقىلىپ چۈشتى ،ئۇ بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

قەبرىستانلىقتىكى دۆمچەك دۆمچەك قەبرىلەر ،ئېگىز ـ پەس مەقبەرە ـ گۈمبەزلەر ،توغ ئەلەم ئابىدە تاشلار تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى .ئەسرلەر بويى ئادەم يەپ تويمىغان بۇ يەر ئادەتتىكى چاغلاردىكى ئېغىر سۈكۈتتىن مۇستەسنا بولۇپ ھەر قانچە تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ قەلبىنى ئېزىدىغان يىغا ئاۋازى ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى ماكانى بولغان بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزغان ئىدى .قەبرىنى قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلاۋاتقان بۇ ھازىدار كىم بولغىيتى ؟

ـجېنىم زۇمرەت ...... مەن كەلدىم ......نىمىشقا مېنى ساقلاپ تۇرمايسەن ؟نىمىشقا مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىسەن ؟ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن ؟ كىم مېنى دوستۇم دەيدۇ ؟ كىم مەن بىلەن سىردىشىدۇ ....؟

قەبرىنىڭ توپىلىرى يۈز كۆزلىرىگە سوۋۇلۇپ كۆز ياشلىرى لاي بولۇپ ئېقىۋاتقان شەھىدە نەچچە كۈن ئىچىدىلا بەك جۈدەپ كەتكەن ئىدى ،كۈلكە تۆكۈلىدىغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ بۇغداي ئۆڭ چىرايى خەسسىدەك سارغىيىپ كەتكەن ئىدى ....

ـ ئاھ خۇدا ، سەن نىمىشقا زۇمرەتنى ئېلىپ كېتىسەن ،ئۇنىڭ تېخى 10گۈلىنىڭ بىرسى ئېچىلمىغان ئىدىغۇ ؟! بىز ئالدىڭدا نىمە گۇناھ قىلغان ؟! نىمىشقا بۇنچە رەھىمسىزلىك قىلىسەن ؟ نىمىشقا .......زۇمرەت ... جېنىم زۇمرەت..................

شەھىدە ھېلى قەبرىنى قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلىسا ھېلى ئاسمانغا قاراپ نالە قىلاتتى . تۇرۇپلا باش ـ كۆزلىرىگە شاپاللاپ ئۇرۇپ كېتەتتى.

زۇمرەتنىڭ ئاپىسى ئۇنى مىڭ تەسلىكتە قەبرىدىن ئاجراتتى . كاملىنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى بۇ ئىككى دىلكەشنىڭ باغرىنى تېخىمۇ ئۆرتىۋەتتى ،"ئەجىبا كۆزۈڭ يۇمۇلۇش ئالدىدا مەن ئېسىڭگە كېلىپ قويمىدىمۇ زۇمرەت ؟ سېنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىشقا بولسىمۇ پۇرسەت بەرمەيسەنغۇ ؟ مېنى بىر ئۆمۈر پۇشايمان ئوتىدا ئۆرتىنىپ ئارمان بىلەن ئۆتسۇن دېدىڭمۇ ؟ماڭا ئېچىڭ ئاغرىسا بولمامدۇ ؟ مەن بۇ ئازاپقا قانداق چىدايمەن.....

قىرائەتنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاۋازىنى چىقارماسلىققا تىرىشىپ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغان شەھىدە تېلىقىپ تېلىقىپ يىغلايتى .دوستىنىڭ يۈزىنى ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ كۆرۈپ رازىلىق ئېلىۋالمىغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ زارلايتى.

ـشەھىدە ،تامىقىڭنى ئەكىردىم ۋاقتىدا يەۋال........

ـشەھىدە ،بەك كەچ بولۇپ كەتتى ،ئەمدى ئۇخلا......

ـشەھىدە ،نەرىڭ ئاغرىۋاتىدۇ ،دوختۇرغا ئاپىرايمۇ ؟.....

ـ شەھىدە ،بىللە بارايلىچۇ ....سەن بارمىساڭ مەنمۇ بارمايمەن...

ـ شەھىدە ،ئوقۇش پۈتتۈرۈ بىر يەرلەردە ئىشلىيەلمىسەك قانداق قىلارمىز.........

ـ شەھىدە ،مەن ھازىر تولىمۇ بەختلىك ،سەندەك ئىسىل دوستۇم ،كاملىدەك كۆيۈمچان يىگىتىم بار...

ـ شەھىدە ،مۇشۇ يەردە ئوقۇساڭ بولمامدۇ ،سەن كەتسەڭ سىنى سىغىنىپ كەتمەمدىم....

ـ شەھىدە قاچان قايتىپ كېلىسەن...

ـ شەھىدە ،مىنى تاشلاپ كەتمە.....

مانا بۇلار ئاشۇ شەھلا كۆزلۈك ناتىۋاننىڭ ئىلتىجالىرى ئىدى ،قىنى ئۇنىڭ نازۇك سىماسى ! ئايدەك رۇخسارى ! سەرۋىدەك قامىتى ! ئەشۇ سىياھتەك قارا كۆزلەر ،جىنەستىدەك لەۋلەر ،سۈتتۈك سۈزۈك چىرايلار ھازىر بۇ دۇنيادا يوق ،ئانا تۇپراق ئۆز قوينىغا ئالغان ،ئۇ ئەمدى كەلمەسكە كەتتى ،ھەممىنى تاشلاپ كەتتى.......

ھاياتنىڭ مەنىسى زادى نىمە ؟ بىرى كەلسە بىرسى كېتىدىكەن ،بىرى يىغلىسا بىرسى كۈلىدىكەن ، بىر ئاچلىقتىن ئىڭرىسا بىرسى توقلۇقتىن بۇزۇپ چاچىدىكەن ، تېخى بايىلا ئەسرا بولغان كىشى بىردەمدىلا بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدىكەن ..ھاياتنىڭ پەقەت بىر تىنىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ كىشىلەر بىر بىرسىگە قەست قىلىشىدىكەن ،ئۆز ئارا ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى چاچىدىكەن ،باشقىلارنى زار زار قاقشىتىش بەدىلىگە ئۆزى كۈلۈپ يايرايدىكەن ، ھەممىلا ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا تۆت كۈنلۈك مېھمان ،دۇنيانىڭ سارايى ،ئىنساننىڭ كارۋان ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن ،كىم بىلىدۇ سىز بىلەن بىز مۇ قاچان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىمىز .......؟

شەھىدە زۇمرەتنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە تەسەللىي بېرىپ قايتىشنى ئويلىدىيۇ "زۇمرەت "تىلغا ئېلىنىشى بىلەن كۆز ياشلىرىنى باشقۇرالمىدى ، بۇ ئىش تاكى ئۇ زۇمرەتنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى . ئۇ دوستى ئۆزىگە قالدۇرغان خەت بويىچەكاملىنى ئىزلەپ يۇرتىغا باردى ،ئۇلار ئاددىيلا سالاملاشتى ،گەرچە شەھىدەنىڭ كاملىغا ئىسىلىپ قاتتىق بىر يىغلىۋالغۇسى بولسىمۇ قىزلىق

هايا ـ نومۇس ئۇستۇ كېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى .كامىل راستىنلا روھى چىقىپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك بولۇپ قالغان ئىدى ،بۇرۇنقى تېتىك ،جەزبىدار سالاپەتتىن ،كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان ئوتلۇق كۆزلەردىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى ،ئۇلار كامىل ئىشلەۋاتقان مەكتەپنى ئۇن ـ تۈنسىز نەچچە ئايلىنىپ بولدى ،ھەر ئىككىسىنىڭ قەلبىدە چەكسىز ئازاپ، ھەسرەت بار ئىدى ،كۆرۈشمىگىلى بىر يىلدىن ئاشقان ، نۇرغۇن گەپلىرى يىغىلىپ قالغان بولسىمۇ ھېچقايسىسى ئۈندىمىدى.

ـ ئۇھ ، ...ئاھ خۇدا ! كامىل ئېغىر تىنىشى بىلەن شەھىدە ئېسىنى يىغدى.

ـ نىمانچە ئۆزىڭىزنى تاشلىۋەتتىڭىز كامىل ؟

ـ تاشلاپ تاشلىماي نىمە بولماقچىدى ،تۆت كۈنلۈك جاھان ئىكەنغۇ بۇ ،كىم بىلىدۇ بۈگۈن تۇرۇپ ئەتە ئۆلۈپ قالامدىم تېخى.

شەھىدەنىڭ يۈرىگى قارتتىدە قىلىپ قالدى ،ئېغىزىمۇ گەپكەر بارمىدى ،كامىل يەنىلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ پەرۋاسىز كېتىۋاتاتتى.....

ـ هازىر مەن ئۈچۈن ھەر قانداق ئىش بەرىبىر.. ئىشقىلىپ ھەممىسى ئالدامچىلىق ئىكەنغۇ ،ھېلىمۇ يىگىرمە نەچچە يىل ئۆزۈمنى ئالداپ يۈرۈپتىمەن ،ئەمدىلىكتە بولسىمۇ خىيالى يۈرۈپ باقاي ،.

ـ سىز بۇنداق دېسىڭىز پەقەت ياراشمايدىكەن كامىل ،هايات دىگەننىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقى بولمىسا نىمە ئەھمىيتى قالىدۇ ،؟ شەھىدەنىڭ ياشلىرى ئاللا بۇرۇن ئۆزىگە بويسۇنمىغان ئىدى ،ئۆزىڭىزنىمۇ ،باشقىلارنىمۇ قەستەن قىيناپ نىمە قىلارسىز ،سىزگە ئوخشاش قەيسەر يىگىت بۇنچىلىك ئازاپقا بەرداشلىق بېرەلمەي ھەممىنى تاشلىۋەتسە باشقىلاردىن ئاغرىنمىساقمۇ بولغۇدەك.....

ـ مەنىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئادەتتىكى ئادەم شەھىدە ، ـ كامىل تۇ يۇقسىزلا ۋارقىراپ كەتتى ـ ، تا هازىرغىچە ئۆز ۋىجدانىمغا يۈز كىلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ باقمىدىم ،لىكىن بۇ دۇنيا ماڭا تولىمۇ رەھىمسىزلىك قىلدى ، مېنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ ،ھېچكىم ،كامىل بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە تۇرغان يېرىدا ئولتۇرۇپ قالدى ،

ـ ئەمدى مەن قانداق قىلاي ،..قانداق قىلاي ؟ مەن پەقەت چىدىيمىدىم ،بۇ زا دى نىمە ئۈچۈن ،نىمە

ئۇچۇن !!!!!!!!كامىل ئاسمانغا قاراپ قاتتىق  نالە قىلدى ،ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلىۋەتتى..

شەھىدە ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللىي  بېرىشنى ،ئازاپىنى قانداق يېنىكلىتىشنى بىلمىدى.

بوپتۇ شەھىدە ، ئۇ يىغلىۋالسۇن ،ئوغول بالىنىڭمۇ يىغلاش ھوقۇقى بارغۇ ؟ئەجەبا قىزلاردا بار ياش ئوغۇللاردا يوقمىكەن ،يىغلىسا نېمە بوپتۇ ،يىغلىۋېلىش كامىل يىغلىۋېلىش ،قانغۇچە يىغلاپ  ئىچىڭىزنى بوشىتىۋېلىش ،شەھىدە كامىلنىڭ يېنىدا ئىككى كۈن تۇرۇپ ئۇچىنچى كۈنى ماڭماقچى بولدى ،ئەتە يولغا چىقمەن دىگەن كۈنى كەچتە ئىككىسى مەكتەپ بېغىدا  پاراڭلاشتى ، كامىل يەنە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئۈنسىز ئولتۇراتتى.

-بەلكى بۇندىن  كىيىن كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن ،ئەتە ماڭىمەن ،لىكىن كۆزۈم كەينىمدە ،سىزنى بۇنداق ھالەتتە تاشلاپ قويۇپ كەتكۈم يوق ئىدى  ،بىراق مەكتەپتىن ئالغان رۇخسىتىممۇ ،دەم ئېلىشىممۇ توشۇپ قالدى....

شۇڭا ماڭىسام....

-مەندىن ئەنسىرىمەڭ ،ماڭا ھېچ  ئىش بولمايدۇ . رىسقىم بولسا ياشارمەن ،رىسقىم بولمىسا تېزىرەك زۆمرەتنىڭ يېنىغا  كىتەرمەن!..

كامىل يەنىلا تولىمۇ ئۇمۇتسىز ئىدى ،زۆمرەتنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا بەك چوڭ زەربە بولدى ،ئۇرۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ  قالدى ،چاچ ساقاللىرى ئۆسۈپ كوچا كېزەر بىكار تەلەتلەردىن قېلىشمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى  ،

ئوغلىنىڭ بۇنداق يۈرىۋېرىشىگە چىدىمىغان ئانا يىغلاپ تۇرۇپ يېلىندى ،ئۇنى مىلىك تەسلىكتە شەھەرگە يېقىن بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا كۆندۈردى ،گەرچە كامىل ئانىنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرى ئاستىدا ئانىسى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاياشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ ئازاپلا قويىندىن ئۆزىنى ئاجرىتالمىدى.

-بىلىمەن ،سىزنىڭ ھازىرقى ئازاپلىرىڭىزنى مەن ھار قانداق ئۇسسۇل ،تەسەللىي بىلەن يەڭگىللىتەلمەيمەن ، لىكىن بىر قانچە يىللىق دوسلىقىمىز ،رەھمەتلىك زۆمرەتنىڭ يۈزىنى قىلىپ

بولسمۇ بىر قانچە ئېغىز سۆزۈمنى ئاڭلاپ قويۇڭ..

ـكامىل يەنىلا ئۈندىمىدى.

ـ زۇمرەتنىڭ تۇيۇقسىز كېتىپ قېلىشى ھەممىمىزگە بەك چوڭ زەربە بولدى ،لىكىن بۇ بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس .ھەر قانچە يىغلاپ قاقشىساقمۇ ئۆلگەننى تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ ،...شەھىدەنىڭ كۆزىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش ئېڭىكى ئاستىدا توختاپ قالدى ،

ـ لىكىن بىز تىركەلەر ئۆزىمىزنى ئايىمىساق بولمايدۇ ،ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلىۋېلىشنىڭ ئورنى يوق ،بىز يەنە ياشىشىمىز كېرەك ، نۇرغۇن ئىشلار بىزنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ ،بىر قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپلا ھەممىدىن ۋاز كەچسىڭىز قانداق بولىدۇ ،؟ بۇ دۇنيادا.....

ـ بولدى قىلىڭ شەھىدە ، ـكامىل شەھىدەنىڭ سۆزىنى بۆلدى ،بۇ رەزىل دۇنيا توغۇرلۇق ماڭا ھېچنىمە دېمەڭ ،پايدىسى يوق ،مېنى ئۆتىيارىمغا قويۇپ بېرىڭ ،

شەھىدە يېلىنىشقا باشلىدى ،

ـقاچانمۇ ئويغۇنارسىز كامىل ، مۇشۇنداق قىلىپ ئۆزىڭىزنىمۇ ،بىزنىمۇ قىيناپ نىمە نەتىجىگە ئېرىشىسىز ،؟ ئەشۇ بىچارە ئاتا ـئاناڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن ،ئۇلاردا نىمە گۇناھ ؟ سىزنى مىڭ بىر جاپادا بېقىپ چوڭ قىلىپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەندە يەنە ئۇلارغا ئارامىدا قويمامسىز ؟ قېنى سىزدىكى غورور ،!!!

ـكامىل دىمىقىنى قاقتى ،ئۇنىڭ نېمە كېرىكى ،

مۇشۇ تۇرقىدا ئۇنىڭغا ھېچنىمە كار قىلمايدىغاندەك قىلاتتى.

ـ زۇمرەت ، كۆرۈۋاتامسەن زۇمرەت ،شەھىدە ئاسمانغا قاراپ كۈچىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى ،مانا بۇ سەن جېنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرگەن ،ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان ئېسىل يىگىتىڭ ،بۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى كۆرۈۋاتامسەن ،؟ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتامسەن ؟ ئەگەر ئۇ سېنى ھەقىقى ياخشى كۆرگەن بولسا سېنىڭ خاتىرجەم يېتىشىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ سېنى ئوڭشىۋالغان ،سېنىڭ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگنى كۆرگەندە قانچىلىك ئازاپلىنىدىغىنىڭنى بىلگەن بولاتتى ،.

يۈزكۆزلىرى ياش بىلەن يۇيۇلغان شەھىدە كامىلغا مىختەك تىكىلدى ،

-راس ،مەن خاتالىشىپتىمەن ،! مىنىڭ كۆڭلۈمدىكى ۋىجدانلىق ،قەيسەر ئۇمۇتۋار يىگىت ئاللا بۇرۇنلا كەلمەسكە كېتىپتۇ ،!!! ئېست.....

-شەھىدە ھۆكرەپ يىغلىغان پېتى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

-ئاھ خۇدا ،..... ئەمدى مەن قانداق قىلاي ،..........

كامىلنىڭ نالىسى مەكتەپ قورۇسىنى تىترىتىۋەتتى!

ئاپتوۋۇزدا ئۇن -تۆنسىز كېتىۋاتقان شەھىدە خىيالغا پاتقان ،كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ،كاللىسى زىددىيەتلىك ئىدى ،ئۇنى ئەڭ خوشال قىلىدىغان ،كۆڭلىگە تەسەللىي بولىدىغىنى ئاپتوبۇسقا چىقىش ئالدىدا كامىلنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

-كەچۈرۈڭ شەھىدە ،سىزنى تولىمۇ ئۇمۇتسىزلەندۈردۈم

-كەچۈرۈڭ شەھىدە ،سىزنى تولىمۇ ئۇمۇتسىزلەندۈردۈم ،لىكىن خاتىرجەم بولۇڭ ،كامىل چوقۇم ئەسلىنى ئۇنۇتمايدۇ ،ماڭا ئىشىنىڭ ،رەھمەتلىك زۇمرەتنىڭ نامىدا سىزگە ۋەدە بېرەي ،"! دېگىنى بولدى ،شەھىدەنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز بىر تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى ،لىكىن بۇ خوشاللىق يېشى ئىدى ،ئۇلار بىر بىرىگە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

-سىزگە ئىشىنىمەن ،!،شەھىدە ئاستا قولىنى چىقاردى ،،- سىزنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىڭىزگە قايتىشىڭىزنى ئۇمۇت قىلىمەن ، بۇ مىنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپ دىگەن گەپنى ئىچىگە يۇتىۋەتتى .پۇرسەت بولسا يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز ،ئۇلار قوللىرىنى چىڭ سىقىشىپ بىر- بىرىگە بەخت ،ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ خوشلاشتى ،ئاپتوۋۇزدىكى يولۇچىلارنىڭ كۈلكە چاقچاقلىرى ،قويۇلۇۋاتقان كىنو ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتى ،پەقەت كامىلنىڭ : ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ شەھىدە ! خۇدايىم چوقۇم سىزدەك ياخشى قىزنىڭ بەختىنى بېرىدۇ ،بىز سىزدەك دوستىمىز بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمىز ،" دىگەن سۆزلىرى جاراڭلايتى ، ئۇ زۇمرەتنىڭ خېتىنى قولىغا ئالدى دە كامىل توغۇرىسىدىكى قۇرلارنى قايتىدىن ئوقۇشقا باشلىدى......

"بىلەمسەن شەھىدە ،ئادەم ئۆلۈش ئالدىدا ھاياتىنىڭ تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھەقىقى ھېس قىلىدىكەن ،ھاياتقا تويماي كېتىدىكەن ،توۋا دەيمەن ،بەزى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ئەخمەقلەر بۇ خىل تۇيغۇنى ھېس قىلمىغان بولغىيتمۇ ؟ ئەشۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدىغانلار نىڭ بىزار بولغان شۇ ھاياتى بىلەن مېنىڭ تويماي قېلىۋاتقان بۇ ھاياتىمنى ئالماشتۇرغىلى بولغان بولسا ھېچ بولمىغاندا كامىل ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر يىل ئارتۇق ياشىيالىغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى ھە ، بىزمۇ ئادەتتە " ئۆز تەقدىرىڭ ئۆز قولۇڭدا " دەيتتىقمۇ ؟ لىكىن مېنىڭ بېشىمغا كەلگىنى قانداق تەقدىر ؟ قانداق قىسمەت ؟ ئۆز تەقدىرىم ھەرگىزمۇ ئۆز قولۇمدا ئەمەس ،مەن پەقەت تۇزۇش ئالدىدا تۇرغان بىر غۇنچە ،تۆكۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ياپراق!

مۇشۇ تۇرقىدا كىمدىن ،نىمدىن ئاغرىنىشنى ،قانداق ئىشلارنى قىلىشنى ،ئازغىنە بۇ ھاياتىمنى قانداق تاماملاشنى بىلمەيمەن ،پەقەت كامىلنىڭ تېخىمۇ ئازاپلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆز -ئۆزۈمنى بەزلەپ ،چىرايىمغا زورمۇ -زور كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرىمەن ،شۇ تاپتا ماڭا ھەر مىنۇت ،ھەر سىكۇنت تولىمۇ قەدىرلىك ،ئەگەر بۇنى بۇرۇنراق ھېس قىلالىغان بولسام خېلى ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىپ ئازابىمنى بىر ئاز بولسىمۇ يەڭگىللەتكەن بولار ئىدىم.

بىلسەنغۇ مەن بۇرۇن ئۇيقىغا ئامراق ئىدىم ،لىكىن ھازىر ئۇخلاپ قېلىشتىن تولىمۇ قورقىمەن ، شۇ ئۇخلىغانچە ئويغىنالماسلىقىمدىن ،قۇياش نۇرىنى قايتا كۆرەلمەسلىكىمدىن تولىمۇ ئەنسىرەيمەن ،! مېنىڭ ئۆلگۈم يوق شەھىدە ،راستىنلا ئۆلگۈم يوق ،بۇنداق بالدۇر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقۇم يوق ،مەن چىدىمايمەن ،نۇرغۇن نەرسىلەرنى مۇشۇنداقلا تاشلاپ كېتىشكە چىدىمايمەن ، قېنى دەپ باقە شەھىدە ،ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى بىلەن مۇرادىغا يېتىش ئالدىدا تۇرغان بىر قىز ئۆزىنىڭ قان راكى بولۇپ قالغانلىقىنى ،پەقەت بىر قانچە ئايلا ۋاقتى قالغانلىقىنى بىلگەن چېغىدا نىمە بولۇپ كېتەر ؟!

گەرچە سەن مېنى ھەر قانداق ئادەمدىنمۇ بەك ياخشى چۈشەنسەڭمۇ مېنىڭ بۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى ھەرگىز چۈشەنمەيسەن ،مەن بىر چاغلارغىچە خۇددى ساراڭدەك بولۇپ قالدىم

،ھەممىگە ئۆچ بولدۇم ،يىغلىدىم ،قاقشىدىم ،ھەتتا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىۋالماقچىمۇ بولدۇم ،لېكىن پىشانىگە پۈتۈلگەن بۇ تەقدىر قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدىم ،ئەجەلنىڭ بارغانچە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ، ئازغىنە قالغان ھاياتىمنى قەدىرلىشىم كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن چېغىمدا جېنىمدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىغان كامىلىم پۈتۈنلەي تۈگۈشۈپ كەتكەن ئىدى ،مەن شۇ چاغدىلا شەخسىيەتچىلىكىمگە نەپرەتلەندىم ،ئۆزۈمنىڭ ئازاپلانغىنى ئازدەك مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك بولغانلارنىمۇ ئازاپ قوينىغا ئىتتىرىپتىمەن.

جېنىم دوستۇم ،مېنىڭ ساڭا ئۆز ئەھۋالىمنى ئېيتمىغانلىقىمدىن ئاغرىندىڭمۇ ؟ چوقۇم ئاغرىندىڭ ،! لېكىن شەھىدە مەندە بۇنداق جۈرئەت يوق ،ئەگەر سەن بىلىپ قالساڭ چوقۇم كامىلغا ئوخشاش ئازاپلىنىسەن ،مەن بۇنىڭغا چىدىمايمەن ،سىلەر مەن ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك ،ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنى تاشلاپ شۇلارنىڭ ئالدىدا جان ئۈزۈش نەقەدەر ئازاپ ھە ! بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ ،كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ ،!!! مېنى كەچۈر ،

دوستىنىڭ يۈزىنى كۆرىۋېلىشتىن مەھرۇم قالغان مەندەك شەخسىيەتچى دوستۇڭنى كەچۈر !.... \ گەرچە كامىلدىنمۇ يوشۇرۇش نىيىتىم بولسىمۇ مۇمكىن بولمىدى ،ئۇنۇڭغا چەكسىز ئازاپنى ھەمرا قىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن تىرىشتىم ،لېكىن ئۇ يەنىلائىچىدىن تۈگۈشۈپ كەتتى ،بولىدىغانىلا ئامالنىڭ ھەممىسىنى قىلدى ،پۈتۈن كۈچى بىلەن مېنى خوشال قىلىشقا تىرىشتى ،گەرچە چىرايىغا زورمۇ زور كۈلكە يۈگۈرتۈپ يۈرىۋاتسىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا ھەممىنى ئېيتىپ بېرەتتى . ماڭا ئايان ،ئەگەر مەن راسلا كېتىپ قالسام ئۇ چوقۇم تۈگۈشۈپ كېتىدۇ شەھىدە... چوقۇم تۈگۈشۈپ كېتىدۇ!.

سەندىن ئۆتۈنەي شەھىدە ،ئۇنى ئازاپلار قوينىدىن قايتۇرۇپ كەل، ئۇ يەنە ياشىشى ، ئۆزى ئۈچۈن ، ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن ،كەلگۈسى ئۈچۈن ياشىشى كېرەك ،ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى تونۇتقىن ،بۇ قاباھاتلىك چۈشتىن ئويغاتقىن ،! بۇ پەقەت ۋە پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىنلا كېلىدۇ ،سەن ئۇنى ياخشى چۈشىنىسەن ،ئۇمۇ ئەزەلدىن سېنى ھۆرمەت قىلىدۇ ،چوڭ كۆرىدۇ ،ناۋادا ئەينى ۋاقىتتا مەن ئاراڭلارغا قىستۇرىلىۋالمىغان بولسام ،سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن تارتىپ سىلەرگە

پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولسام بۆگۈنكى بۇ ئازاپمۇ ئۇنچە ئېغىر بولماس ئىدى ،لىكىن مەن ئەقىلسىز بۇنى ناھايىتى كېچىكىپ ھېس قىلىپ قالدىم ،دوستلۇقىقا يارىمىدىم ،،سەن قىلغاننىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ قىلالمىدىم ،ھازىر ساڭا پەقەت قەغەز يۈزىدىلا كەچۈر دىگەن سۆزنىلا قىلالايدىكەنمەن ،سىنى چەكسىز ئازاپقا مۇپتىلا قىلىپ قويۇپ كەچۈر دەپلا تۈگىتىدىغان بولدۇم ،! گەرچە سىنى كۆرۈشكە شۇنچە تەشنا بولسامۇ ئازاپلانغان شۇ ھالىتىڭنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن ملك ئۆلگەنگە تەڭ! ماڭا ۋەدە بەر، ئۆزۈڭنى ئازاپلىما ،مېنى سۆيگەنلەرگە ،مەن سۆيگەنلەرگە تەسەللىي ۋە يېڭى ئۈمۈت بېغىشلىيالايدىغانلىقىڭغا شەكسىز ئىشەن ، ئەگەر ئازاپلىرىڭ چېكىگە يەتسە مەن كۆز يېشىڭدا ئېقىپ كېتىمەن ،

ئاخىرقى قېتىم سەندىن ئۆتۈنەي ،شەھىدە ،جېنىم شەھىدە ،كامىلنى قۇتقۇزىۋال ، مەن ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ياردەم قىل،ئەگەردە ئۇ يەنىلا ئازاپلىنىپ يۈرىدىغان بىلسا مەن گۆرۈمدە تىك ئولتۇرىمەن ، !"

شەھىدەنىڭ خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇشقا قۇربى يەتمىدى ،توختىماي چۈشۋاتقان ياشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن چاپىنى بىلەن يۈزىنى پۈركىۋالدى....

ماگىستىلىق ئوقۇشۇنى تۈگۈتۈپ ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپكە ئىشقا چۈشكەن شەھىدە تولىمۇ جىمغۇر مىسكىن يۈرۈيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى ،، بۆگۈن كونا جاراھەت قايتا تاتىلاندى ،

ئالدىغا قارا پ مەقسەتسىزلا كېتىۋاتقان شەھىدە تاكسىنىڭ قاتتىق تورمۇزىدىن ئېسىنى يىغدى ،تۆت ئەتراپقا ئالاق جالاق قاراپ دەرھال يولنىڭ چېتىغا .ئۆتىۋالدى ،شەھىدەنىڭ تۇيۇقسىزلا كۈتۈپخانىغا بارغۇسى كەلدى ،ئۇ ئەزەلدىن كىتاپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى ،كۆڭلى يېرىم چاغلاردىمۇ كىتاپ ئوقۇسلا ياخشى بولۇپ قالاتتى ، ئۇ قايتىدىن ئاپتوبۇسقا چىقتى ،ئاپتوبۇستا ئادەم ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ بوش ئورۇن يوق ئىدى ،ئۇ ئورۇندۇقنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ ئۆرە تۇرىشىغا نېرىقى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان فۇرقەت دەرھال ئورۇندىن تۇردى.

ـ بۇ يەردە ئولتۇرىۋىلىك ،

شەھدە ئەندىكىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى.

"بۇ بايامقى بالىغۇ ،يەنە ئۇچراپ قالدىغۇ ، ھېلى ئاپتوبۇسقا چۈشمىگەندىمەن ،شەھدە ئەتراپقا ئالاق جالاق قاراپ كەتتى ،فۇرقەت ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى.

ـ ھە ... بولدى رەھمەت سىز ئولتۇرىۋىرىڭ ،

"مەن باشقا يولنىڭ ئاپتوبوسىغا چىققان تۇرسام يەنەقانداق قىلىپ ،

ـ ھېچ ۋەقەسى يوق سىز ئولتۇرۇڭ.

فۇرقەت تولىمۇ خوشال كۆرۈنەتتى ،شەھدە يەنە ئىتتىرىشىپ يۈرۈشتىن خىجىل بولدى ،لىكىن ئولتۇردىيۇ يۈرەكلىرى تېز سوقۇپ جىددىيلىششكە باشلىدى .،كۆزلىرى ئىختىيارسىز يېنىدا ئۆرە تۇرغان فۇرقەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى ،ئۇ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراشقا شۇنچە ئۇرۇنسىمۇ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان فۇرقەت ئۇنى ئارامىغا قويمىدى ، پەقەتلە ئولتۇرالماي قالغان شەھدە بارىدىغان يېرىگە بىر بىكەت قالغاندا ئۆز ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالدى ،فۇرقەتنىڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇتتەك چۈشكۈسى بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتىۋالدى ،بۇنداق قىلىشنىڭ يەڭگىلتەكلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىگە ھاي بەردى ،

شەھدەنىڭ كاللىسىغا يەنە كامىل كىلىۋالدى ،بۇ كىلىشكەن يىگىت ئۇنىڭغا كامىلنى ئەسلىتىپ قويغان ئىدى ،ئەگەر ئۇ ھېلقى چاغدا كامىلنىڭ يېنىغا بارغاندا ،ئۇنىڭ زۇمرەتكە بولغان مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ،ھېچكىم ئورنىنى ئالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلمىغان ،بۇنداق قىلىش دوستقا خىيانەت قىلىش بولىدۇ دەپ ئۆزىنى ئەيىپلىمىگەن بولسا زۇمرەتنىڭ تەلىپى ،ئۆز رايى بويىچە زۇمرەتنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئۇچۇپ قالغان مۇھەببەت ئوتىنى قايتا ياندۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولاتتى.

شەھدە خىيال بىلەن كىتاپخانىغا كىردى ،كىردىيۇ تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى ، ئۇنىڭ ئالدىدا بۆگۈن ئارقىمۇ ئارقا ئۇچراپ ئارامىنى بۇزغان ،باشقىچە تۇيغۇلارنى پەيدا قىلغان يىگىت كىتا پ ئوقۇپ تۇراتتى ،شەھدە يە ئالدىغا مېڭىشنى ،يە كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەي قالدى. بۇ چاغدا

فۇرقەت كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ،

- ياخشىمۇ سىز ! ئۇ تولىمۇ سىرلىق بىر جۇپ كۆزىنى شەھدەگە تىكتى ،

- ھە ،ياخشىمۇ سىز ،

-كىتاپ ئالغۇلى كەلگەنمىدىڭىز ؟

- ھە ئە مۇنداقلا كۆرۈپ باقاي دەپ ،شەھدە كۆزلىرىنى زورىغا ئېلىپ قاچتى ،

- ئىزدىگىنىڭىز بۇ يەردە بارمىدۇ ؟

شەھدە ئۇنىڭ نىمە دىمەكچى بولغانلىقىنى بىلەلمەي تەئەججۇپ بىلەن تىكىلدى ،.........

- بەزى ئىشلارغا ھېچنىمە دىگۈلى بولمايدۇ ،سىزگە تەئەللۇق نەرسىدىن قاچاي دەپمۇ قاچالماي قالىسىز ،بەزىلەر بۇنى تەقدىر پېشانە دەيدىكەن ،سىزچە شۇنداقمۇ ؟

فۇرقەت شەھدەگە شۇنچىلىك تىكىلىپ قارىدىكى ئۇ خۇددى باسماققا چۈشكەن باچكىدەك نىمە قىلارىنى بىلەلمەي كەتتى ،لىكىن نىمە ئۈچۈندۇر شەھدەمۇ بىر يەرلىدىن خوشال بولىۋاتاتتى.

- مەنچە بۇ بىزگە قىلىنغا چاقچاق ،ئاڭلاپ باققىڭىز يوقتۇ ؟!

شەھدە بوتىلاقتەك كۆزلىرىدىن نۇر تۆكتى ،ئۇ تەقدىرنىڭ بۇ ئېغىز چاقچىقىغا يۈزلىنىپ باقماقچى بولغاندەك جاۋاپ ئورنىغا بىرنى كۈلۈمسىرىدى........

تامام.....

كۆچۈرۈلدى........ ئۆرۈمچىدە 10كۈن

ئۆرۈمچىدە 10كۈن

ئەسسالام تورداش ،پىقىر ئۆگىنىش دەپ ئۈرۈمچىدە10 كۈن ياشاپ قالدىم ،ۋاقت دىگەن بىر دەمدە ئۆتتىدىكەن ،"خەيىر خوش 10كۈنلۈك جاھان" دەپ يۈرسەم خېلى بىر نىملەر چىقىپ قالدى ،ئەمدى شۇ ئىشلار ئاساسىدىكى تەسىراتلىرىمنى يەنە سىز تورداشلىرىم بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەپ قالدى ،پىقىر يازغۇچى ۋە ياكى شائىر ئەمەس پەقەت شۇ ئويلىغانلىرىمنى ئەل داستىخىنىغا تۆكۈشنى خالايدىغان ھەۋەسچى خالاس.قېنى ئەمسە ۋاپادارىم يازمىسىغا مەرھەمەت ئەيلەڭ:

# بىز گۇناھكار ئەمەس

بىر سوم پىلانى تەشەببۇسمۇ بولسا كېرەك ئانچە ئىسراپچىلىقنى ياقتۇرۇپ كەيمەيتىم،لىكىن قورساقتا ئامراقلىقىم تۆپەيلى ھەر قېتىم ئۈرۈمچىگە بارسام قانچە يىراق بولمىسۇن "ئاۋرال" قاتارلىق تېز تاماقخانىلارنىڭ پەيزىنى پۈرسەتنى غەنىمەت بىلىپ سۈرىۋالىمەن ،تائامغا پۇل تۆلىگۈچە ۋە باشقا ھەشەم مەنزىلىرىگە قاراپ يەنە ئىختىيارسىز ئۆزۈم يوقلاپ بارغان نامراتلار ئېسىمگە كېلىدۇ دە كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ ،

ھېلقى :ھاياتىڭىزدا قانداق ئارزۇيىڭىز بار دىگەن سوئالغا ؟

100سوم پۇلنى تۈتۈپ مۇشۇ مىنىڭ پۇلۇم دەپ بىر خەجلەيدىغان كۈنلەر كېلەرمۇ دەپ جاۋاپ بەرگەن دېھقان ،20سوم ئوقۇش پۇلنى تۆلىيەلمەي ئېسلىپ ئۆلىۋالغان ئۆسمۈر ئېسىمگە كېلىدۇ دە ھەشەمەتلىك خىياللاردىن ھەسرەتلىك ئويلارغا چۆمۈمەن.

يوقات سارالڭ خىياللارنى دەيمەن تۇرۇپلا ئۆز ئۆزۈمگە ،نىمە قىلسەن قالايمىغان خىيال قىلىپ شۇنىڭ ئورنىغا قانداق قىلىپ پۇل تاپىمەن دىگەننى ئويلا.

ئۈرۈمچى سەپىرىنىڭ تۈنجى كۈنى ئۈنىۋېرىستېت يان تەرىپىدىكى بىر تۆنگان ئاشخانىسىغا دوسلار

بىلەن غىزالانغۇلى كىردۇق.

ئاشخانا قېشىدا كىچىككىنە بىر گازىرخانا بار ئىدى ،ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئۇيغۇر بالا گازىرچىلارنىڭ ئىش كىيىمنى كىيىپ ئۆرە تۇرۇپتۇ.

ئاشخانىغا كىرگۈچە بالىغا سەپ سالدىم ،بالىدا سەل ھودۇقۇش بار ئىدى ،چۈنكى يولدا سەلدەك ئېقىۋاتقان جۈپ جۈپ قىز يىگىتلەردىن بەلكىم بۇ بالا- تىرىشچان بالا خىجىل بولۇۋاتقاندۇ ، كوچىدىكى ئوقۇغۇچى توپىغا قاراپ ،ئاشخانىلاردىكى ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ سەل ھەيران قالدىم ،تۇنگان ئاشخانىسىغۇ كىرىپ بۇ يەردىكى مۇلازىم قىزنىڭمۇ ستۇدېنت ئىكەنلىكىنى پەملىدىم ،ئالدىمدىكى غىزا ئەمەس بۇ ستۇدېنت بالىلار خىيالىمنى ھەر يانلارغا ئەپ كەتكەن ئىدى.

قىز لار خوگو يەيمىز دەپ 3ئاشخانىغا باردۇق ،كىرىپ ھېس قىلدىمكى بۇنى يەۋاتقانلارنىڭ 99%تى ئوقۇغۇچى ئۇيغۇرلار ئىكەن ،لىكىن پەملىدىمكى بۇ 3ئاشخانا ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان ئاشخانىسى ئەمەس ئىدى ،

خەيرىيەت ،بۇ يەردە گەپ ھەرگىزمۇ خەقنى يېيىش ھوقۇقىدىن توسۇش ئۈستىدە ئەمەس ، باشقىلار بىزنىڭ پولوييمىزنى يەپ قۇۋۋەت تاپقىلى تۇردىيۇ بىز خەقنىڭ خوگو پوگو غا باشچىلاپ ئۆزىمىزنى ئېتىپ بىر بىرلەپ گومورويي يولىغا قەدەم ئېلىشنى باشلاپتۇ ق.

"چىك جىن "دېگەن خەتنىڭ كۆرسىنىك شۇ قەدەر چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئاشخانا ئىچىدىكى ئۆچرەت تۇرۇپ كەتكەن كىشلەر توپىغا قاراپ ھەققى ھېس قىلىپ يەتتىم ،يېنىمدىكى بۇرادەرنىڭ "ھېچقىسى يوق ئاداش ،چىك جىن دەپ خېتى تۇرمامدۇ ئاينا دەپ ئېرەنسىز بەرگەن جاۋاپىغا قاراپ خوشاللىقىم ھەسسىلەپ ئاشتى ،

ئورۇن تېپىلماي بىر ئىككى ئاشخانىغا كىرگەن بولدۇق ،كۆردۈمكى ھەر بىر ئاشخانىغا 3-4تىن ئوقۇغىچى قىز يىگىتلەر مۇلازىملىق قىلىپ جان بېقىۋىرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئورۇن قىسلىق سەۋەبى بىلەن خوگ يېيەلمىدۇق.

ئەتىسى ئۆزۈم يالغۇز ئايلىنىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يېنىدىكى مەلۇم تېز تاماقخانىغا كىرىپ

قالدىم ،مەن تاماق كۈتۈپ ئولتۇرغان شۇ دەقىقىدە يەنە شۇ ستۇدىنىت كۆتكۈچى قىز پىشكەللىككە

ئۈچرىدى ،

يېنىمدىكى ئۈستەلدە ئوغول باللار ئولتۇرغان ئىكەن ، بۇلارنىڭ تامىقى چىقىپ قوشۇقى سەل ھايال

قالغان ئىدى ،بىرى ئۈنلۈك قىلىپ:

يۈۋۈيۈەن ،ما بىزنىڭ قوشۇق پىشتىما ؟دەپ ۋارقىرىغان ئىدى ھېلقى قىز قىپقىزىل بوپ كەتتى دە تېز

تېز قەدەملەر بىلەن مېھمانلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ بۇلارنىڭ تەلىپىنى بەجا قىلدى.

-چوكا بېرەمسىز موما ؟

موما دەپ ئېيتىلغان گەپ ياندىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان شەھەر قىزلىرىغا بوپ بەردى دە قاقاقلاپ

كۈلۈشلەردىن ،ناجىنس تىكىلگەن نەزەرلەردىن كۆزلىرىگە ياش كەلگەن كۈتكۈچى قىز خورلۇق

ھېس قىلغۇنچە يېنىمىزدىن ئايرىلدى.

بىر قىسما بوپ تامىقىمنى يېدىم ،

قارىسام بۇ كۈتكۈچى قىزلارنىڭ خېلىلا دەردى باردەك قىلاتتى ،

ياشقىنە كەلگەن قىزلار ،موما ،سەتەڭ ،ۋاي خان ....دىگەنىدەك گەپلەرگە ئەلبەتتە ؟

-تاماق پىشقۇچە بىز پىشىپ كېتىدىغان بولدۇق جېنىم!!!

قاقاقلاپ كۈلۈشلەر...

ئەلبەتتە بۇ تېز تاماقخانا ،رېستۇرانلارنىڭ خانىلىرىدە تاماق توشۇپ كۈتكۈچىلىك قىلغان ستۇدىنىت

قىزلار -بارلىق قىزلار تېخمۇ زور خورلۇقلارغا ،ھەتتا ئۆز ئاكىلىرى تەرىپىدىن جىنسى

پاراكەندىچىلىكلەرگە ئۈچراپ تۇرىدۇ ...ھەتتا قانلىق بەدەللەر تۆلىنىدۇ...

تورددىشىم!

ئويلاپ كۆرىلى ،شۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنسان ،مۇلازىملىق ھازىرقى ۋاقىتتا ھەم بىر كەسىپ .بۇلار

-بۇ مۇلازىم قىزلار پەقەت ۋە پەقەت تەن سودىسى قىلمىسىلا ئۇلارغا ئۈنچە ھاقارەتلەرنى قىلىپ

ھايۋان قاتارىدا كۆرۈپ كەتمەيلى ،ئاخماق قىلمايلى ،تاماق چىقمىسا ئۈچىمىزنى بۇلاردىن ئەمەس

،خوجىلاردىن ئالىلى ،بۇلارنى تۆۋەن كۆرمەيلى ،غورۇر دىگەن قۇشقاچنىڭ تېنىدىمۇ بار.

مانا قاراڭ ،نۇرغۇن ستۇدىنتلار مانا مۇشۇنداق دەرىستىن سىرتقى ھالدا مۇستەقىل ياشاش روھى بىلەن تىرىشىپ تىرمىشىپ ئۆز ئىقتىسادى قىيىنچىلىقىنى يېڭىش ئۈچۈن شۇنداق خىزمەتلەرنى قىلماقتا......

ئۇلار بىزنىڭ كەمسىتىشلىرىمىزگە ،غورۇرنى دەپسەندە قىلىدىغان چۈپرەندە گەپلىرىمىزگە قاراپ ئېچىنىپ:

توۋا ،بىز گۇناھكار ئەمەسقۇ ھە ،بىز پەقەت ئاتا ئانىمىزنىڭ يۈكىنى ئازراق بولسىمۇ يىنىكلىتەيلى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىمىزغۇ دەپ ئاچچىق نالىلەر قىلماقتا ،بۇلار ئۆز تەقدىرىنىڭ ھەققى تۇمۇرچىلىرى بولۇشنىڭ بىرىنجى قەدىمىنى ئالغان دانكولاردۇر...

ھېلقى گازىر دۇكىنىدا تۇرغان بالىنىڭ خىجىلسىراپ تۇرغان چىرايى مانا ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيۋاتىدۇ.

شۇ بالىغا شۇنداق دىگۈم كەلدى.

ئەي بۇرادەر ،ياشلىقىنىكى ھەر قانداق جاپادىن ،ئوقۇشىسىزلىقتىن قاقشىما ،ۋايسىما ،چۈشكۈن بولۇشقا ھېچقانداق باھانەڭ يوقتۇر ،راس خىجىل بولدۇڭ ،چۈنكى شۇ تاپتا سىنىڭ دوسلىرىڭ سۆيگەن يارلىرى بىلەن ياشلىق ھوزۇرىنى سۈرمەكتە ،يارەنلىرىڭ ئىچمەكتە ،چەكمەكتە ،ئوينىماقتا...

ياق ،سىنىڭ تۆلگەن بەدىلىڭ ئۇنچە ۋاپاسىز ئەمەس ،ئۇ ساڭا سەندىن كەچمەيدىغان ھەققى جانانىنى ،سەندىن كەچمەيدىغان ئاداقى بەختىنى ئېلىپ كىلىدىغان بەخت يۇلتۇزىدۇرۋەي ،جېنىمما؟ (ۋاپادارىم(

ئاۋۋال مۇسۇلمان بولساڭلار ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن جۇما توراداشلار ،

ما بۈگۈن سەھەر نامازدىن چىقىپ ماشىنغا ئولتۇرۇپ بىر يەرگە باغان ،ماشىنا ئىگىسى خەنزۇ ئايال

سىلەر بۈگۈن قايناپ كېتىپسىلەر ؟(ھېيت بوپتۇ دىمەكچى ) تۈنۈگان بۇرادەرلەر تۈنۈگۈن شۇنداق جىق ئىدى ،قارىغاندا ئۇلار تۈنۈگۈن ھېيت قىلغان ئوخشامدۇ دەيدۇ ؟

نىمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم ،راس ئاڭلىسام بەزى يەرلەدە تۈنۈگۈن روزى ھېيت بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىلمىدىم دىگەنىدىن كۆرە دەپ:

ئەييا ،شۇ روزى ھېيت نامىزىنى ئوقۇغاندا مەسچىتلەرگە پاتماي قالمىسۇن دەپ بەزى دىمى سىقىلىدىغان،چىگويەن كىسىلى بار بۇرادەر مۇسۇلمانلار بىر كۈن بۇرۇن مەسچىتنىڭ كەڭرى ۋاقتىدا ساپ ھاۋادا ئوقۇۋالىدۇ نامازنى. ھېيت بۈگۈن دەپ قويدۇم .ئۇ قېرىنداش يەنە مەزھەپ پەزھەپ دەپ مېنىڭ ئەرۋاھىمنى1.2 گەز ئۇچۇرىدىغان گەپنى باشلىغۇچە خۇداغا شۈكرى بارار يەرگە كەپ قالدىم ،

ھە راس ئاراڭلىدىكى قارىم باللاردىن سوراي ،نىمە ئىش مۇشۇ ؟ما بىز مۇشۇ ئىشلىنى سەل بىلمەي قالىدىكەنمىزچۇ شۇڭا سورىۋالدىم ؟بىلسەڭلار ھە بولىدۇ دەپ دەپ بېرەرسىلەر ،بىلمىسەڭلار .....بىلىدىغانلار چىققۇچە يۈرەرمىز ئادەم ئالداپ.

ئۇف ،بۇرۇنلاردا روزى ھېيتىمىزۇ يامان قىززىتىپ ئويناپتۇق ،بۇ يىل پاختا مەزگىلگە كەلگەچكە شۇنداقمۇ ۋە ياكى نىمە بولاتىمىزكىن تازا..........

تۈنۈگۈن كىيىم ئېلىش مۇددىئايىم يوقتى .بىرسى ھېيت دىگەندە بىر نەرسە ئالمىساڭ يامان بولىدۇ دىگەن ،قارىسام سەل ساقال بۇرتى باكەنتۇق ،ھا مۇشۇ سەل بىر نىمە بىلىدۇ دەپ پىپاغا كىرىپ 8سومغا بىر پايپاق ئالدىم .خۇدايىم بۇيرىسا پۇل تاپقاندا كىيەرمىز ،

ھوي ،ئارىمىزدىكى توي قىلغان تۈققانلار ؟

مۇشۇ سىلىنىڭ ئايالىڭلارمۇ ئۆيگە پار پور تىزىپ ،خىرۇستال ئېلىپ پۇل بۇزامدۇ.

بۈگۈن ھېيت دەپ بىر مۇنچە ئۆيگە كىرگەندىم ،خۇدايا توۋا ئۆيدىكى گىلەمنىڭ تايىنى يوق ،تاملار ئاقلاقسىز مۇشۇ دېرىزىدىن تارتىپ تۆشۈك بالىكى يەرگە شۇنداق بىر نىملەرنى تىزىۋاپتۇ.

ئاجايىپ دورامچى خەق جۇما بىز ،نىمە قىلىدۇ دەيمەن ،ماندا دەسمى بار بولسا ئاندىن قىلىدىغان

نىمە ئۇ ،

تېخى بىرسى :ۋىيى ،بىر گۈيزە ياساتسام ،يېڭى خىرۇستال چىقپتىكەن بىر تىزىۋالسام دەپ قوياتىدۇ.

خېنىم ،ئا ئۆيلىرىدىنىڭ بۇلۇڭىغا ئۇگا سالغان قارلىغاچ قىشتا كەتكەندە شۇ ئۇگۇلۇقا بىر خۇرۇستال

تىزىپ قويالا بىر قىش دەپ قويدۇم...

ساراڭ قىلىقلىرىمىز بار جۇما بىزنىڭ.....

توۋا ،بىز توي قىلغۇچە شۇ نىملەر بىر مودىدىن قالسا بولتى ،

ھە راس ما بىر قىززىق ئىش بولدى باللار سىلىگە دىمىسەك چىمگە دەيتمىز بۇ گەپنى.

ما بىر تۇققىنىمىز باتى دەڭلا ،باللىسى مىنكوخەن.

لەڭمەن يەپ بوپ چوڭ ئانىمىز نامازغا قوپۇپ كېتىپتۇ ،شۇنىڭ بىلەن دادىسى ئۇ قىزنى:

قىزىم ئاشنىڭ سۈيىدىن ئېلىۋېتىڭ دەپ بۇيرۇپ قويۇپتىكەن:

بۇ مىنكوخان :ئاشۇ چويلىنى تۇتىۋىلىپ دادىسىنىڭ قاچىسىغا مەنتەڭ دىگەننى ئۇساۋىرىپتۇ.

قارىسا ئاش سۈيى چىقمىغان ،يامان خۇيى يامان بولىدۇ ئەمەسمۇ مىنكوخان دىگەننىڭ (بىزنىڭ

نەۋرىلەرمۇ جىيلە بولسا چىرقىرايدۇ ،تىت تىتلىقتا(

ئۇسسا سۇ چىقمىغاندىن كىيىن جىيلە بولۇپ يىغلاپ كېتىپ مىشىلداپ تۇرۇپ قازانغا چويلىنى بىرنى

ئۇرۇپتىكەن ،قازان......

مۇشۇ كۈلۈپ تېلىقىپ قالدىم ..ۋىيي.... قاچانكىن بىرسى:

بىر مىنكوخاننىڭ تويى بولغاندا قارىم ئاخۇنۇم نىكاھ ئوقۇسا ؛

گۆشرىپ تۇرۇپ ؛

ۋو تىك بۇدۇڭ دەپتىكەن دەپ ئاڭلىغانتىم..

ما قىز باللىنىڭ قىلىقىغا قاراپ بەك سەت كۈلىۋەتتىم

تۇققىنىمىز دەپ بەرگەندە تېلىقىپ قاپتىمەن ،ھەي بىچارە......

ما بىزنىڭ مەلىدە بىر بالا باتى توشقان باقىدىغان: يېقىندىن بۇيان سۆزلەيدىغان بوپ قالدى.

گېپىگە قۇلاق سالسام ؛

ئېست ئۆتكەن كۈنۈم دەپلا سۆزلەيدۇ دە بۇ ؛

ۋاي نىمە بولدى دېسە خەقلەر:

بۇ گۈي چۈشىدە كۆردىمۇ ،ياكى راس بىلىندىمۇ:

توشقانلار بىر كۈنى ئولتۇرۇپ تازا ئىچىۋاتقۇدەك ،پىجۇ دىگەننى ئىچىپ غەرق مەس بوپ كېتىپتۇ توشقانلار چۆپلۈكتە.

ئاندىن بىر توشقان سەللە ئارتىپ كېلىپ ،ھۇ نىجىسلار ،ئۇلۇغ ئاي ئۇلۇغ كۈنلىدە يەنە بەزمە دەپ ئىچىشتىڭما دەپ ساۋاپتىكەن بۇ مەس توشقانلارنى ،بۇ توشقانلار مەسلىكتە ھېلقى سەللە ئارتقان توشقانكامغىمۇ زورلاپ پىجۇ ئىچىرىپ مەس قىپ قويۇپتۇدەك .شۇنىڭ بىلەن بايام ھېلقى بۇ مەسلەرنى تىللىغان توشقانكام ئۆزى بۇلارغا قۇيۇپ بېرىپ سەللىسنى تاشلىۋىتىپتۇدەك......

بۇ توشقانچى ئاغىنىمىزنىڭ تاقا تۇقا دەپ بېرىشچە ئۇ توشقانلارنىڭ تىلنى بىلەرمىش ،

ئۇنىڭ دېيىشچە :توشقانلار ئادەملەرنى تىللارمىش ،

بىز جىنىمىزدا ئۇۋىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتنى يىمەيمىز ،قارا ،ئاۋۇ ھېلقى بوۋاي ،قوشنىسىنىڭ نەرۋىسىگە باسقۇنچىلىق قىلىپ راسۋايى ئالەم بولدى دەپ بۇ ساراڭغا دائىم دوق قىلغۇدەك...

بىر كۈنى بۇ ساراڭ ئۇخلاپ قاپتىكەن ،توشقان ئۇۋىسىدىن يۇلتۇز ئوسمانوۋانىڭ ؛

دۇئا قىلايلى ،

پەيتلەر كەتمەسۇن ،

دۇئا قىلايلى ،

ئامەت كەتمەسۇن...

دىگەن ناخشىسى ئاڭلانغۇدەك.

شۇنىڭ بىلەن بۇ شۇ كېچىدە ئاستا ئويغۇنۇپ ئۇۋىغا قارىمامدۇ:

پۈتۈن توشقانلار سەپ بولۇپ ناماز ئۆتەۋاتقۇدەك....

مانا شۇندىن بۇيان بۇ ئۆز ئۆزىگە سۆزلەيدىغان بوپ قالدى.......

قايسى كۈنى ئاشخانىغا كىرىپ بۇلۇڭدا ئولتۇرسام ئايرىمخانىدىكى مەسلەر بەك سەت جېدەل قىلىپ كەتكەن قىيا چىيا ئىچىپ چېقىپ قۇسۇپ ....توۋا ،ھازىر مەنغۇ يالغۇز ئۇخلاشتىن قورقىدىغان بوپ قالدىم ،شۇ بىچارىلەرمۇ بىر كۈنلىرى توشقانغا ئايلىنىپ قالارمۇ ؟دەپ بەك ئەنسىرەيدىغان بوپ قالدىم....

خەير ،ھەممىڭلارغا ئامان بولۇڭلار.

توشقان باققانلار ،توخۇ باققانلار ،پېمىكنى دەل ۋاقتىدا بېرىڭلار ، شۇ بىچارە زۇۋانسىزلارنى تاماقتىن قىسماڭلار......

بىكار بولمىسا بىر كۈنى شۇ جانىۋارلارنىڭ ئاھى تۇتسا

ئەرلىرىمىز تۇخۇم تۇغىدىغان ،

ئاياللىرىمىز كاتەك ئارلايدىغان بوپ قالمىسۇن يەنە......

خەير ،روزى ھېيت مۇبارەك ،ئامان بولۇڭلار...... .......

باياناتى : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ھەرقانداق ئېلكتابنىڭ ئەسلى ماتېرىيالىنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى شۇ ماتېرىيال يوللانغان توربەت ھەم شۇ توربەتكە يوللىغۇچى ئاپتورغا مەنسۇپ !!!

<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ئېلكتابلار پەقەت ئۆگىنىش ۋە بىرقىسىم پايدىلانغۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تورغا يوللاندى ، ئۇنىڭدىن باشقا سودا ئىشلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ . ئەگەر قانۇنسىز باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلىپ بىرەر ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا بارلىق ئاقىۋەتكە شۇ ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ . <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!!

يۇقىرىقىلاردىن باشقا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكتابقا نىسبەتەن پىكىر-تەلەپلىرىڭىز بولسا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .

<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> نىڭ QQ توپى : 55451683

2008 ـ يىلى3ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى

شەندۇڭ---جىنەن